ئابلا ئىمىن



# سوختاخۇن جانباز

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئابلا ئىمىن

# ئوختاخۇن جانباز

(سېنارىيە)



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **رامىلە ئابلا**
مەسئۇل كوررېكتورى: **دىليار تۇرسۇن**
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غالىب شاھ**

# توختاخۇن جانباز

(سېنارىيە)

ئاپتورى: **ئابلا ئىمىن**

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنبوۋېن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 3.5
2011 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
2011 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5371 - 9303 - 0
سانى: 1 - 5000
باھاسى: 9.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# 1

ياز پەسلى.

ئېكرانىدا توختاخۇن جانبازنىڭ سۈرىتى، ئۇنىڭ كەينىدە گۈچۈڭنىڭ ھەيۋەتلىك سېپىلى، پايانسىز بوغدايلىقلار، قوناقلىق، قىچا - بېدىلىكلەر، كۆكتاتلىقلار، يىراقتا قارلىق تاغ، قارىغايلار، يايلاق، تۈزلەڭلىكتىكى ئوتلاقلار ھەم بۇ يەرلەردە ئوتلاپ يۈرگەن قوي - كالا، يىلقا، تۆگىلەر، چوڭ مەسچىتنىڭ كۆرۈنۈشى، توختاخۇن جانبازنىڭ ئىككى يۈزدەك شاگىرتقا جانبازلىق ھەرىكەتلىرىنى ئۆگىتىۋاتقانلىقى، بەزى شاگىرتلارنىڭ چىۋىن تۇتۇۋاتقانلىقى، بەزىلىرىنىڭ مۇزايىنى كۆتۈرۈۋاتقانلىقى، بەزىلىرىنىڭ جاۋۇردىكى قۇمنى مۇجۇۋاتقانلىقى، بەزىلىرىنىڭ ئىدىشتىكى سۇنى پۈۋلەۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

لىخاجەنزىدىكى[①] قايناق بازار، ناۋايلارنىڭ نان سېلىنغان تەۋەڭنى بېشىغا ئېلىپ، «شىرمەننان، گىردە نان، مايلىق نان، شېكەر نان، ئىسسىق نان» دەپ ئۇيان -

---

① لىخاجەنزە — گۈچۈڭدا بەش كوچا ئېغىزىغا جايلاشقان چوڭ بازار. ئورنى ئۈچ بۇرجەك بولۇپ، شەكلى ساپاننىڭ پولات چىشىغا ئوخشىغاچقا، خەنزۇچە شۇنداق دەپ ئاتالغان.

بۇيان مېڭىپ يۈرۈشلىرى، تۇداخۇن ئاشپەز[1]نىڭ كونا شەكىلدىكى ئىككى قەۋەتلىك ئاشخانىسى، ئۇنىڭدىكى مۇلازىمەتچىنىڭ: «ئاشمانتا، سامسىلار تەييار بولدى، چۆچۈرە، ئۇگرە، پۆرە، تۇگرە، قورۇمىلار بار، تاماق ھەر يەردە، تەم بۇ يەردە! كېلىڭلار، مېھمانلار! سالام سىزدىن، تائام بىزدىن» دەپ ۋارقىراشلىرى روشەن ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ؛ يەنە ئاشۇ ئاشخانىدىكى مانتىپەزنىڭ: «مانتا - مانتا بىر مانتا، مانتا - مانتا ئىككى مانتا، مانتا - مانتا ئۈچ مانتا» دەپ مانتا ساناشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

قاسساپلارنىڭ قوي - كالا گۆشى ئېسىلغان غالتەك ھارۋىلىرى قاتار تىزىلغان، گۆش ئېلىۋاتقان خېرىدارلار، پىشۇرۇلغان پاقلان گۆشلىرىنى قاتار تىزىشىپ قويۇپ سېتىۋاتقانلار ھەم ئۇنى يەۋاتقانلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى ساقى ئاخۇن كاۋاپچى[2]نىڭ: «كاۋاپ - كاۋاپ! يېسەڭلار قالىدۇ ياراپ، يېگەنلەرگە دەرمان، يېمىگەنلەرگە ئارمان، پاقلان گۆشىنىڭ كاۋىپى، يېسەڭلار ياخشى جاۋابى» دەپ ۋارقىراشلىرى ئاڭلىنىپ، كاۋاپ يەۋاتقانلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

خەنزۇ، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، خۇيزۇ سودىگەرلەرنىڭ ھەر خىل ماللار سېلىنغان نۇرغۇن دۇكانلىرى، ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان كۆن - خۇرۇملارنى سېتىۋاتقان كۆنچىلەر، كىگىز، تەڭلىمات، پىيىملارنى سېتىۋاتقان كىگىزچىلەر، جۇۋا - قۇلاقچىلارنى سېتىۋاتقان

---

①، ② گۇچۇڭدا ئۆتكەن تىجارەتچى.

جۇۋۇچىلار، ھەر خىل ئاياغلارنى تىكىۋاتقان موزدۇزلار، مەش، كاناي، چۆگۈن، ئاپتۇۋىلارنى ئىشلەۋاتقان تۈنىكىچى، مىسكەرلەر، سودىلىشىۋاتقان خېرىدارلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ؛ يەنە كەتمەن، گۈرجەك، ئورغاق، ھارۋا جابدۇقلىرىنى سوقۇۋاتقان ھەم ئاتلارنى تاقىلاۋاتقان تۆمۈرچىلەر، تۆكمە قىلىپ سېتىلىۋاتقان قوغۇن - تاۋۇز، كۆك بېدىلەرنى سېتىۋاتقان دېھقان ھارۋىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

تىجارەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر جايدا ھېيتاخۇن زاسۇيچى① نىڭ پىشۇرۇپ غالتەك ھارۋىغا بېسىلغان ئۆپكە - ھېسىپ، كاللا - پاقالچاقلىرىنى:

ئېلىپ كەلدىم ئۆپكە - ھېسىپ،
خېرىدارغا بولغاي نېسىپ.
يەپ قويساڭلار تەنگە قۇۋۋەت،
ئىشىڭلارغا بولغاي مەدەت.

دەپ ۋارقىراپ سېتىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئوندەك ئادەمنىڭ ئولىشىۋالغانلىقى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەننىڭ «قوشاق ئاڭلايلى، قوشاق» دەۋاتقانلىقى، ھېيتاخۇن زاسۇيچى:

بازىردا گۇچۇڭنىڭ،
ھېيتەم دېگەن نامىم بار.

---

① گۇچۇڭدا ئۆتكەن تىجارەتچى.

ئاتا ـ بوۋامدىن قالغان،
سۇ بويىدا جايىم بار.

بىزنىڭ گۈچۈك بازىرى،
دائىم شۇنداق ئاۋاتتۇر.
ھەممە نەرسە تېپىلار،
يېمەكلىرى ناۋاتتۇر.

دەپ قوشاق قاتقاندا ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشۈپ تۇرىدۇ.

**ياندىن بايان:**

كۆرۈۋاتقىنىمىز بۈنىڭدىن 80 ـ 90 يىللار بۇرۇنقى گۈچۈك ھەم ئۇنىڭ بازىرى. گۈچۈك ناھىيەسى بۇرۇنقى زامانلاردا شەرقتىن ھەم غەربتىن كەلگەن سودا كارۋانلىرى توختايدىغان ھەم مال ئالماشتۇرىدىغان، توپ ھەم پارچە مال ساتىدىغان شىنجاڭدىكى ئاۋات سودا مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان. تاغ سۇلىرى، بۇلاق سۇلىرى كۆپ، تۇپرىقى مۇنبەت، كىلىماتى مۇۋاپىق، تاغدىكى يايلاق، تۈزلەڭلىكتىكى ئوتلاقلىرىمۇ كەڭرى بولغاچقا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، يەرلىك سانائەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمۇ تەرەققىي قىلغان. جۇملىدىن، ئىچىملىك، قەندالەتلىرى داڭلىق، ئاشلىق تۈرلىرى كۆپ، بۇغداي سورتلىرى ياخشى، مەھسۇلاتى يۇقىرى بولغانلىقتىن ئۇزاقتىن بۇيان «ئاشلىق ئامبىرى» دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن. مۇشۇنداق ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكلىرى بولغاچقا، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى تۇنجى

ئۆلچەملىك تاشيولمۇ 1928 ـ يىلى ئۈرۈمچى ـ گۇچۇڭ ئارىلىقىغا ياسالغان. بۇگۈنكى كۈندە گۇچۇڭ تېخىمۇ يۈكسەلدى.

ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان مەشھۇر توختاخۇن جانباز 1882 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گۇچۇڭ بازىرىدا تۇغۇلغان. ئاتىسى گۆھەرىدىن چېلىشچى ھەم جانباز بولغاچقا، ئوغلىغا جانبازلىقنى ئۆگەتكەن. توختاخۇن يەنە يې جەنجاڭ، مۇ چىڭتەي، ما لاۋۇ[1] قاتارلىق خەنزۇ، خۇيزۇ جانبازلاردىن بىر قىسىم ماھارەتلەرنى ئۆگىنىپ، تولۇق ماھارەت يېتىلدۈرگەن ۋە جانباز بولۇپ چىققان، «گۈلشەن» مەكتەپتە جانبازلىق دەرسى بەرگەن ھەم باشقا يۈزلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيەلىگەن. شاگىرتلىرىدىن ھىدايىتۇللا خەلپەت، چوڭ ئوغلى نىزامىدىنلار داڭلىق جانبازلاردىن بولغان (بۇ چاغدا ئېكراندا ھىدايىتۇللا خەلپەت بىلەن نىزامىدىننىڭ سۈرەتلىرى غىل ـ پال كۆرۈندۇ). خەنزۇلاردىن يې جەنجاڭ، خۇيزۇلاردىن مۇ چىڭتەي قاتارلىق مەشھۇر جانبازلارمۇ يۈزلەپ شاگىرت تەربىيەلىگەن. ھەر مىللەت جانبازلار ئۆز ئىچىدە ھەم باشقا جايلاردىن كەلگەن جانبازلار بىلەن مۇسابىقىلىشىپ تۇرغان، ھەمىشە ئۆزئارا كېلىشىپ دوستانە ئۆتكەن. ھەتتا چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىغا قارشى ئورتاق ھېسسىياتتىمۇ بولغان.

---

① يې جەنجاڭ، مۇ چىڭتەي، ما لاۋۇلار گۇچۇڭدا ئۆتكەن مەشھۇر جانبازلار بولۇپ، توختاخۇن جانباز ھەم بۇ كىشىلەر توغرىسىدا گۇچۇڭغا ئائىت ماتېرىيال ـ تەزكىرىلەردە مەلۇماتلار بار.

بۇ جەريانىدا توختاخۇن جانباز خەلقپەرۋەرلىك، دوستانىلىقنى ئىزچىل جارى قىلغان. نۇرغۇن جانبازلار بىلەن مۇسابىقىلىشىپ، بىرەر قېتىممۇ مەغلۇپ بولمىغان. شۇڭا، ئۇنىڭ داڭقى چەت ئەللەرگىمۇ يېتىپ بارغان.

گۇچۇڭ ئەنە شۇنداق جانبازلىرىنىڭ كۆپلۈكى، توختاخۇندەك مەشهۇر جانبازلىرىنىڭ بولغانلىقى بىلەن ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى «سودا مەركىزى»، «ئاشلىق ئامبىرى» دەپ ئاتىلىپلا قالماي يەنە «جانبازلار يۇرتى» دەپمۇ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

بۇ كۆرۈنۈشتە باشتىن ـ ئاخىر ناۋا مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى ياكى باشقا بىرەر مۇزىكا ناغرا ـ سۇناي بىلەن ئورۇنلىنىپ تۇرىدۇ.



توختاخۇن جانبازنىڭ چوڭ ئوغلى
نىزامىدىن جانباز

# 2

نورۇز بايرىمى.

ئېكراندا يەنىلا گۆچۆكنىڭ ھەيۋەتلىك سېپىلى، دارۋازلار تىككەن ئېگىز دار، چېلىشچىلار مەيدانى، قوچقار، توخۇ سوقۇشتۇرىدىغان مەيدانلار، دۇتار، تەمبۇر، ساتار، غېجەكلەرنى تۇتۇشۇپ، ناغرا ـ سۇنايلار بىلەن تۇرغان ئەلنەغمىچىلەر، توختاخۇن جانباز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى تۇرغان جانبازلىق مەيدانى. بۇ مەيدان يىغىلغان ئادەمنىڭ كۆپلۈكى بىلەن باشقا مەيدانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق ھالدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چەبىيات مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى ناغرا ـ سۇناي بىلەن ئورۇنلىنىپ تۇرىدۇ.

كىشىلەر يىراق ـ يېقىنلاردىن، ھەرقايسى مەھەللىلەردىن توپ ـ توپ بولۇشۇپ ئاتلىق، هارۋىلىق، پىيادە مېڭىپ، بۇگۈنكى نورۇزدا بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا قىزغىن مۇلاھىزىلەرنى قىلىشىپ، نورۇز سورۇنىغا كېلىشىدۇ.

**توپلىشىپ تۇرغان ئۇيغۇرلاردىن بىرى:** بۇنىڭدىن ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى توختاخۇن جانبازنىڭ ھەمدۇللا ئىسىملىك بىر شاگىرتى جانبازلىقنى ئۆگىنىشتىن زېرىكىپ قېچىپ كەتكەندە، باشقا شاگىرتلىرى ئارقىدىن

قوغلاپ بېرىپ تۇتۇۋېلىپ ئەكەپتۇ.

**يەنە بىرى:** ھە... شۇنداق، بۇنىڭدىن بىرەر ھەپتە بۇرۇن توختاخۇن جانباز رەستىگە بېرىپ ئاشۇ شاگىرتىغا بۇگۇنكى نورۇزدا «چالما ـ كېسەك قىلىش» جازاسى بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. ھازىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىمىغان ئادەم قالمىدى، شۇڭا بۇگۇنكى نورۇزغا كېلىۋاتقانلار كۆپ.

**يەنە بىرى:** قېچىپ قويغانغىمۇ شۇنداق ئېغىر جازا بېرەمدىكەن؟ توختاخۇن جانباز شۇنچىلىك زالىم بولۇپ كېتىپتىمۇ؟

**يەنە بىرى:** بىرەر ئادەمگە ھۆكۈمەتلا ئۆلۈم جازاسى بېرەلەيدۇ، «چالما ـ كېسەك قىلىش» دېگەن ئۆلتۈرۈش دېگەنلىك. توختاخۇن ھەرگىز بۇنداق قىلالمايدۇ.

**يەنە بىرى:** ئادەم ئۆلتۈرسە خەلقئالەمگە جاكارلاپ قويۇپ، كۆز ئالدىدا ئۆلتۈرەمدىكەن؟ نورۇزدا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئىش يوق ئىدى. توختاخۇن جانباز ئۇنداق قاپ يۈرەك ئەمەستۇ؟ قېنى، قانداق ئىش بولىدۇ، بارغاندا كۆرەرمىز.

**يەنە بىرى:** بۇ بەكمۇ غەلىتە بىر ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى ئاڭلىغان خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇللارمۇ ئەجەبلىنىپتۇ، ئەنە ئۇلارمۇ توپ ـ توپ بولۇشۇپ بۇگۇنكى نورۇزدا «چالما ـ كېسەك قىلىش»نى كۆرۈش ئۈچۈن كېلىشىۋاتىدۇ.

**خەنزۇلاردىن بىرى:** بۇگۇن توختاخۇن جانباز بىر شاگىرتىغا «چالما ـ كېسەك قىلىش» جازاسى بېرىدىكەن، بۇ قانداق جازادۇر؟

**ياشانغان يەنە بىرى:** ئۇلۇشكۇن مەھەللىمىزدىكى

هېيتاخۇن زاسۇيچى خەنزۇ قوشنىلارغا «چالما ـ كېسەك قىلىش»نىڭ نېمىلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ مۇنداق ئىش ئىكەن: جازالىغۇچىنى بېلى بىلەن تەڭ كۆمۈپ مىدىرلىيالماس قىلىپ قويۇپ، ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇنى تاش ـ كېسەك ئېتىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدىكەن. بۇ ئىسلام دىنىدا ئەڭ ئېغىر جازا ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى نورۇزغا كۆپلىگەن خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇللارمۇ كېلىپ جازانى كۆرمەكچى.

**يەنە بىر خەنزۇ:** مەن تۈنۈگۈن بۇ توغرۇلۇق پېشۋايىمىز يې جەنجاڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ ئىنتايىن كەسكىن قىلىپ، «جانبازلار ئەزەلدىن شاگىرتلارغا ئۆلۈم جازاسى بەرمەيدۇ. توختاخۇن ئۇنداق نادان، زالىم كىشى ئەمەس» دېدى.

**يەنە بىرى گەپ قىستۇرىدۇ:** يې جەنجاڭ توختاخۇن جانباز بىلەن دوستانە ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ گېپىگە قارىغاندا، بۈگۈن بىز كۆرۈپ باقمىغان سىرلىق بىر ئىش بار جۇمۇ.

**يەنە بىرى:** بۇ ئىشنى يامۇلمۇ بىلىپتۇ. ئۇلار توختاخۇننى چاقىرىپ، «ئۆلۈم جازاسى بېرىش يامۇلنىڭ ئىشى، پۇقرانىڭ پۇقراغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھوقۇقى يوق، ئەگەر سەن شۇنداق قىلساڭ، يامۇلمۇ ساڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ» دېگەن بولسىمۇ توختاخۇن يەنىلا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەمەلدارلارنىڭمۇ تازا ئاچچىقى كەپتۇ.

# 3

يامۇل.

ئېكراندا «1908 ـ يىل» دېگەن خەتلەر كۆرۈنىدۇ.

مانجۇچە ئۇزۇن چاچ قويغان بىرنەچچە يايى ئاچچىقلىنىپ سۆزلەشمەكتە.

**يايلار باشلىقى:** ھېيتاخۇن زاسۇيچىنىڭ دېيىشىچە، «چالما ـ كېسەك قىلىش» دېگەنلىك ئۆلتۈرۈش دېگەنلىك ئىكەن، بۇ چوڭ جىنايەت. بۇ گەپ ناھىيەمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىگە تارقىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىگە زىيان يەتكۈزدى. خانىدانلىقىمىزدا جىنايى ئىشلارنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىدىغان، ھەق ـ تەلەپ، نىكاھ ماجىرالىرىنى ھەرقايسى مىللەتنىڭ دىنىي مەھكىمىلىرى باشقۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىدىغان سىياسەت بار. بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا گەپ قىلغان بولساقمۇ ئۇ نىيىتىدىن يانمىدى. ئۇنىڭ خورىكى بەك ئۆسۈپ كېتىپتۇ. بىزنى كۆزگە ئىلمىدى. ئۇ يەنە ئىككى يۈزدىن ئارتۇق شاگىرت تەربىيەلەۋېتىپتۇ.

**يەنە بىر يايى:** يې جەنجاڭمۇ بۇتخانىسىدا راھىبلىقنى قىلماي ئۆز ھويلىسىدا ئىككى يۈزدەك شاگىرت تەربىيەلەۋېتىپتۇ. توختاخۇن ئۇنىڭ بىلەن

دوست، بۇرۇن ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى قىرىقتىن ئاشمايتتى.

**يايلار باشلىقى:** شۇنداق، بۇ بىر خەۋپ. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە يىخېتۇەنچىلەرمۇ ئاشۇنداق جانبازلارنى توپلاپ، بۈيۈك چىڭ خانىدانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى قالايمىقانلاشتۇرغانىدى. گەرچە يىخېتۇەنچىلەر باستۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ، ھەرىكىتىنى توختاتمىدى. يېقىندا گەنسۇ، سىچۇەنلەردە يىخېتۇەنچىلەرنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى شوئارلىرى تارقىلىپتۇ.

**يەنە بىر يايى:** شىنجاڭدا پەقەت بىزنىڭ گۇچۇڭدىلا مۇشۇنداق تەشكىللەنگەن جانبازلار بار. بۇنىڭغا ۋاقتىدا تەدبىر كۆرۈپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالمىساق بولمايدۇ. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن جانبازلارغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

**يايلار باشلىقى:** بىز بەشىمىز توختاخۇننى قولغا ئېلىشقا تەييارلىنىپ نورۇزغا بارايلى. ئەگەر ئۇ ئۆزى دېگەن ئىشنى قىلىشقا ئۇرۇنسا، شۇ ھامان قولغا ئېلىپ يامان ئىشنى توسۇۋېلىشىمىز كېرەك. يەنە ئىككى يەردە مەشىق قىلىۋاتقان تۆت يۈزدىن ئارتۇق شاگىرتنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا پەرمان جاكارلاپ، گۇچۇڭدىكى جانبازلىق ھەرىكىتىنى ئۈجۈقتۇرايلى، قېنى يۈرۈڭلار.

# 4

نورۇز سورۇنىدىكى پائالىيەتلەر داۋام قىلىدۇ. باشقا مەيداندىكى پائالىيەتلەر توختاپ، كۆپچىلىك جانبازلىق مەيدانىغا يىغىلغان. بۇ يەردە ھەر مىللەت مۇتىۋەرلىرى ئالدىنقى رەتتىن ئورۇن ئالغان. ھېلىقى بەش يايىمۇ سورلۇك قىياپەتتە ئولتۇرغان. توختاخۇن جانبازنىڭ قەشقەرلىك شاگىرتى كېرىماخۇن جانباز مەيداندا ماھارەت كۆرسىتىدۇ.

ئۇ قىلىچۋازلىقتا ماھىر، ھەرىكىتى ئىنتايىن تېز بولغاچقا، قىلىچ ئايلاندۇرغاندا «ۋىژ ـ ۋىژ»، «غۇي ـ غۇي» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر ئالقىش ياغدۇرۇپ تەنتەنە قىلىشىدۇ. ئاندىن توختاخۇن جانباز مەيدانغا چۈشۈپ، ئوتتۇرىغا بىرىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرىدۇ. گۇچۇڭدا «چېلىشچى» دەپ نام چىقارغان تۆت يىگىت بىرلىشىپ توختاخۇن جانبازنى ئارقىدىن ئالدىغا، ئالدىدىن ئارقىغا، ئوڭ يېنىدىن سول يېنىغا، سول يېنىدىن ئوڭ يېنىغا بارلىق كۈچى بىلەن ئىتتىرىپ قوزغىتالمايدۇ. ئاما بارىكاللا ئېيتىپ چۇقان ـ سۈرەن سېلىشىدۇ. ئاندىن توختاخۇن جانباز ئىككىنچى ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ.

بىلەكتەك توملۇقتىكى ئون تال قوزۇق يەرگە چەمبەر

شەكىلدە قېقىپ قويۇلىدۇ، توختاخۇن جانباز چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئوڭ پۇتىنى ئۇزارتىپ، كۈچ بىلەن ئوڭغا بىر ئايلاندۇرۇپ، ھەممە قوزۇقنى كاراسلىتىپ سۇندۇرۇۋېتىپ ئورنىدىن لىككىدە تۇرىدۇ. تاماشىبىنلار «باركاللا، خۇدا رەھمەت قىلسۇن، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەيلا» دەپ تۇۋلىشىدۇ. خەنزۇ، خۇيزۇلار باش بارمىقىنى چىقىرىپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «توختى خاۋخەن! توختى خاۋخەن!» دەپ تۇۋلىشىدۇ.

بۇ چاغدا كىرىماخۇن جانباز جازالانغۇچى شاگىرت ھەمدۇللانىڭ يېنىغا بارىدۇ.

**كىرىماخۇن جانباز:** قورقۇپ جىنىڭ چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىپسەن، ساڭا قارىتىپ ئاتقان تاشنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇۋال، ناۋادا كېلىۋاتقان تاشتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋەتسەڭ تاش قارشى تەرەپتىكى تاماشىبىنغا تېگىپ يارىدار قىلىپ قويىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

**ھەمدۇللا:** ئۇقتۇم، ئەگەر تاشنى تۇتۇۋالسام ئۇستام ماڭا تېخىمۇ ئاچچىقلانامدۇ؟

**كىرىماخۇن جانباز:** ئەگەر سەن بىرمۇ تاشنى ئۆزۈڭگە تەگكۈزمەي تۇتۇۋالساڭ، ئۇستام سېنىڭدىن خۇش بولىدۇ.

ھەمدۇللانىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ، «ئۇستامنىڭ مەقسىتىنى ئەمدى چۈشەندىم» دەيدۇ.

بۇ چاغقىچە توختاخۇن جانبازمۇ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەيدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** خالايىق، ھەممىڭلار بىلىپ بولدۇڭلار، ھازىر قاچقۇن شاگىرت ھەمدۇللاغا «چالما ـ كېسەك قىلىش» جازاسى بېرىلىدۇ.

بۇ چاغدا مۇشتۇمدەك، تۇخۇمدەك چوڭلۇقتىكى تاش قاچىلانغان ئىككى زەمبىلنى تۆت يىگىت كۆتۈرۈپ كىرىپ، بىر زەمبىلدىكى تاشنى مەيداننىڭ بىر تەرىپىگە، يەنە بىر زەمبىلدىكى تاشنى مەيداننىڭ يەنە بىر تەرىپىگە تۆكۈپ قويىدۇ. ھەربىر دۆۋە تاشنىڭ يېنىدا بىردىن شاگىرت تاش ئېتىشقا تەييارلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ پەيتتە كىشىلەر تىمتاس بولۇپ، مەيداننى سۈر باسىدۇ. كېرىماخۇن ھەمدۇللانى يېتىلەپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا توختىتىپ قويۇپ ئۆزى چەتكە چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئامما ئىچىدە بەزىلەر: «ھەمدۇللانى بىلىگىچە كۆمۈپ قويمىدىغۇ» دېسە، بەزىلەر: «كۆمۈپ قويمىغان بىلەن ئىككى زەمبىل تاشنى ئەكىلىپ قويىدىغۇ؟ ئاشۇ تاشلاردىن نەچچىسى تېگىپ كەتسىلا، ھەرقانداق ئادەم ئۆلمەمدۇ» دېيىشىپ غۇلغۇلا بولىدۇ.

**توختاخۇن جانباز** (تاش تۇۋىدە تۇرغان شاگىرتلىرىغا تۇۋلايدۇ): ئاۋۇ ئۆگزىدىكى ياغاچقا ئېسىقلىق تۇرغان ئىككى دانە تۇخۇمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

**شاگىرتلار:** كۆردۇق.

مىڭلىغان نورۇز ئەھلىمۇ ئۆگزىگە قاراپ رامكىلانغان ياغاچقا ئېسىقلىق ھالدا تۇرغان ئىككى دانە تۇخۇمنى كۆرىدۇ.

**توختاخۇن جانباز** (شاگىرتى ھەسەنگە قاراپ): سەن قولۇڭدىكى تاشنى ئېتىپ، بىر تۇخۇمنى چاق.

ھەسەن ماھىرلىق بىلەن چاقىدۇ.

**توختاخۇن جانباز** (شاگىرتى داۋۇتقا): سەن يەنە بىر تۇخۇمنى چاق.

داۋۇتمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

بۇ ماھارەتلەرنى كۆرگەن ئامما ھەيرانلىقتا قىزغىن چاۋاك چالىدۇ، بەزىلەر: «يىراقتىكى تۇخۇمنىغۇ چاقتى، كۆز ئالدىدىكى ھەمدۇللانى قانداق قىلىشۋېتەر» دېيىشىدۇ.

**ھېلىقى يايلاردىن بىرى:** ئەھۋال بەكمۇ جىددىي، بۇ ھالدا توختاخۇننى قولغا ئالىمىز دېسەك، ئۇ بىرلا بۇيرۇق بەرسە شاگىرتلىرى ھەمدۇللانى تاشلاپ، بىزنى «چالما ـ كېسەك» قىلىۋېتەمدۇ نېمە؟

**قالغان يايلار:** ھەمدۇللانى تېخى كۆممىدى، قولغا ئېلىشقا ئالدىرىماي تۇرايلى.

**توختاخۇن جانباز** (ئىككى شاگىرتىغا): ئەمدى ئىچ ئاغرىتماستىن ھەمدۇللانى چالما ـ كېسەك قىلىڭلار.

مەيداننى تېخىمۇ سۈر باسىدۇ. تاشلار شىددەت بىلەن ئېتىلىدۇ. ھەمدۇللا كەلگەنلا تاشنى تۇتۇۋېلىپ، ئالدىغا تاشلاپ تۇرىدۇ. بۇ ھال بىرنەچچە سېكۇنت داۋام قىلغاندىن كېيىنلا مەيداندىكى سۈرلۈك كەيپىيات بىردىنلا تەنتەنىلىك كەيپىياتقا ئۆزگىرىدۇ. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان توختاخۇن جانباز ھەممىدىن بۇرۇن بارىكاللا ئېيتىپ چاۋاك چالىدۇ. بارلىق ئامما چۇقان

ئۇستىگە چۇقان سالىدۇ. ئون مىنۇتتەك بولغاندا ئىككى زەمبىل تاش تۈگەپ، ھەممىسى ھەمدۇللانىڭ ئالدىغا يىغىلىپ قالىدۇ. مەيداندا بىرھازا كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ. ھېلىقى يايىلارمۇ كۈلۈپ كېتىدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** خالايىق، تىنچلىنىڭلار!

مەيدان دەرھال تىنچ ھالەتكە كېلىدۇ، كۆپچىلىك «ئەمدى يەنە نېمە ئىش باردۇ؟» دېيىشىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** ھەمدۇللا، ئەمدى سەن نېمە ئۈچۈن قاچقانلىقىڭنى سۆزلە.

**ھەمدۇللا:** بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن، ئون تۆت ياش چېغىمدا ئاتام مېنى قومۇلدىن ئەكىلىپ ئۇستامغا شاگىرتلىققا بەرگەنىدى. بۇ گۇچۇڭدا چىۋىن تازا مىغىلداپ كەتكەن ۋاقىت ئىكەن. ئۇستام ئاتامنىڭ ئالدىدىلا: «ھازىردىن باشلاپ چىۋىن تۇت، باشقا ئىش قىلمايسەن» دېدى. بۇ گەپتىن ئاتام ئىككىمىز غەلىتىلىك ھېس قىلغان بولساقمۇ، گەپ قىلمىدۇق. ئۇدا ئۈچ يىل چىۋىن تۇتتۇم. قىشتا چىۋىن يوق چاغدا باشقا ئىشلارنى قىلدىم. پۇت ـ قوللىرىم شۇنداق چاققان بولۇپ كەتتى. ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىننى ئۇچقاندەك تېز ھەرىكەت قىلىپ، قاچۇرۇپ قويماي تۇتالايدىغان بولدۇم. ھازىر ماڭا قارىتىپ ئاتقان تاشلارنىڭ سۈرئىتى كالا ھارۋىسى كېلىۋاتقاندەك ئاستا بىلىنىدى. لېكىن، مەن «ئۇستام مېنى شاگىرتتەك كۆرمىدى، قىلىچۋازلىق، كالتەكۋازلىق ئۆگەتمىدى» دەپ نارازى بولۇپ قومۇلغا

قاچتىم. ئەمما، بۇگۈن ئەڭ ياخشى ماھارەتتىن بىرنى ئۆگەنگەن جانباز بولۇپ قالغانلىقىمنى بىلدىم. ئۇستامدىن، جامائەتتىن ئەپۇ سورايمەن.

مەيداندا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ.

**توختاخۇن جانباز** (ھەمدۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ): مانا بۇ توققۇز سەر كۈمۈش، يولدا خىراجەت قىلارسەن، ئۆزۈڭدىمۇ كۆزەتچىلىك قىلىپ تاپقان پۇل بار. قۇمۇلغا بارغاندا تۇغقانلىرىڭغا «ئۇستام سالام ئېيتتى» دەپ قويارسەن، يول بولسۇن.

كۆپچىلىكمۇ تەرەپ - تەرەپتىن: «يول بولسۇن، خوش» دەيدۇ.

بۇ ئىشلارنى ھېلىقى يايلارنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر خەنزۇنىڭ تازا دىققەت قىلىپ كۆزىتىۋاتقانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

**يايلار باشلىقى**: توختاخۇن بىزگە راست گەپ قىلماپتۇ، ھېچقانداق ئىش بولمايدىغانلىقىنى بىزگە دېيىشى كېرەك ئىدىغۇ. ئۇ يەنىلا بىزنى كۆزگە ئىلماپتۇ.

**يەنە بىر يايى**: توختاخۇن بىرەر جىنايەتنى يوشۇرغانمۇ ئەمەس، پەقەت ئۇيۇننىڭ مەخپىيەتلىكىنىلا كۆزلىدى. بۇ ئىشتا ئۇنىڭغا گۇناھ قويغىلى بولمايدۇ.

**يايلار باشلىقى**: ھە... ياڭ دېمىڭ، ياڭ دېمىڭ، سەن جانبازلارنى ياقلايسەن - ھە!

**يەنە بىر يايى**: پۈتۈن ناھىيەمىزنى يېرىم ئاي ۋەھىمىگە سالغان بۇ ىش ئاخىر پۈتۈن ناھىيەدە كۈلكە -

چاقچاق پەيدا قىلىپ ئاخىرلاشتى. بۇ ئەھۋالدا شاگىرت تارقىتىۋېتىش توغرىسىدىكى پەرماننى جاكارلىماي تۇرايلى.

**يەنە بىر دېھقان سۆيەت ئادەم:** بۈگۈن توختاخۇن جانباز ئۆزاققىچە ئۈنتۈلمايدىغان بىر ئىش قىلدى ـ دە.

ھەممەيلەن تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ كېتىدۇ.



## 5

كىشىلەر تارقىلىپ كېتىۋاتقاندا ھېلىقى يايىنىڭ يېنىدا تۇرغان خەنزۇ توختاخۇن جانباز بىلەن سۆزلىشىدۇ.

**خەنزۇ:** مەن بۇ يەردىكىلەردىن سىزنىڭ ياخشىلىقلىرىڭىزنى كۆپ ئاڭلىدىم. بۈگۈنكى ئىشلىرىڭىزمۇ ئاجايىپ ياخشى بولدى. خەلقنىلا ئەمەس، جانبازلارنىمۇ تازا خۇش قىلدىڭىز، چىۋىن تۇتقۇزۇش ئارقىلىق جانباز تەربىيەلەپسىز، مەن بۇنى ئاڭلاپ باقمىغان. يامۇل سىزدىن خاپا بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. ھېلىقى يايىلارنىڭ نورۇزغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، نېمە دەيدىكىن دەپ يېنىغا بېرىپ تۇرغانىدىم. ئۇلار سىزنى بۈگۈن قولغا ئالغىلى كەلگەنىكەن، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىنى مەن ئاڭلاپ قالدىم. قارىغاندا سىز گۇمانلىق بولۇپ قاپسىز. مەنمۇ جانباز. فامىلەم چاڭ، سىچۈەننىڭ چېڭدۇ دىگەن يېرىدىن، ئۇ يەردىمۇ جانباز كۆپ. باشلىقلىرىمىز يىخېتۇەنچىلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ قويغاچقا، چاڭ خانىدانلىقى ئۇلارنى قولغا ئالدى. مېنىمۇ سەپداشلىرىم بۇ يەرگە يولغا سېلىپ قويغان، سىز بۇ يەردە گۇمانلىق بولۇپ قالغاندەك مەنمۇ سىچۈەندە گۇمانلىق بولۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن جانبازلار يۇرتىنى كۆرۈپ

كېلەي دەپ بۇ يەرگە كەلگەن. كەلگىلى ئالتە يىل بولۇپ قالدى. مەن جانبازلىقنىڭ «لاچىن قانات» (خۇڭخۇڭدىيەن) ماھارىتىنى ياخشى بىلىمەن. سىزگە شۇنى ئۆگىتىپ قويغۇم بار. بىراق بۇنداق قىلسام مېنىڭ جانباز ئىكەنلىكىمنى بۇ يەردىكى ئەمەلدارلار بىلىپ قالىدۇ. بۇ ماھارەتنى ھازىر يې جەنجاڭ شاگىرتلىرىغا ئۆگىتىۋاتىدۇ، سىزمۇ ئۆگىنىپ قويسىڭىز پايدىسى تېگىدۇ.

توختاخۇن جانباز بۇ گەپلەرگە قايىللىق بىلدۈرىدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** توغرا ئېيتتىڭىز، جانبازلىقنىڭ پايدىسى بار. مەن بۇرۇن يې جەنجاڭدىن ماھارەت ئۆگەنگەن ئىدىم. يىخېتۇەنچىلەرنىڭ خانىدانلىققا قارشى ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلگەن، كۆڭۈل كۆڭۈلنى تونۇيدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ.

# 6

يامۇل.

يامۇلدا ھېلىقى بەش يايى ئۇلتۇرىدۇ.

**يايلار باشلىقى:** ئۇيغۇرلار ئۆتكۈزگەن بۇ قېتىملىق نورۇزدا توختاخۇننىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ بەك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. نورۇزدا جاكارلانماي قالغان شاگىرتلارنى تارقىتىۋېتىش ھەققىدىكى ھېلىقى پەرماننى بۈگۈن جاكارلاپ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويۇش كېرەك. سىلەر تۆتىڭلار ئاۋۋال توختاخۇنغا، ئاندىن يې جەنجاڭغا ئۇقتۇرۇپ كېلىڭلار.

**بىر يايى:** نەچچە كۈندىن بېرى يەنە بىر يېڭى ئەھۋال پەيدا بولدى. چىن فامىلىلىك بىر راھىب قىرىق شاگىرتىنى باشلاپ بۇ يەرگە كەپتۇ. ئەسلىدە ئۇ تيەنجىندىكى بىر بۇتخانىدا راھىب ئىكەن، ئۇنى چىن فاجاڭ دېيىشىدىكەن، ئۇ كارامەت جانباز ئىكەن. بىرنەچچە ئۆلكىنى ئايلىنىپ، ئۇ يەرلەردىكى جانبازلارنىڭ ھەممىسىنى يېڭىپ لەنجۇغا كەلگەندە، شىنجاڭدا «جانبازلار يۇرتى» دەپ ئاتالغان ناھىيە بار، دېگەننى ئاڭلاپ ئۇ يەردىكىلەرنىمۇ يېڭىۋېتىپ كېلەي، دەپ بۇ يەرگە كەلگەنىكەن.

**يايلار باشلىقى:** ھە... شۇنداق، ئۇ چىن فامىلىلىك ھەقىقەتەن يېتىلگەن جانباز ئىكەن. جانبازلىقتا ئىشلىتىلدىغان ئون سەككىز خىل قورالنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتەلەيدىكەن. بىراق، ئۇ ئادەم بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەرنى كەمسىتىپ ئېلان چىقىرىپ قويۇپ، كىشىلەرنى نارازى قىلىپ قويدى. خەنزۇچە ئېلاننىڭ مەزمۇنىنى خەنزۇلار ھېيتاخۇن زاسۇيچىگە دەپ بەرگەنىكەن، ئۇ بازاردىكى ھەممىلا ئادەمگە سۆزلەپ ئۇيغۇرلار ئىچىگىمۇ تارقىتىپ بوپتۇ. قارىغاندا، چىن فامىلىلىك يىخېتۇەنچى ئەمەستەك تۇرىدۇ، ئۇ بۇ يەردىكىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشالمىغۇدەك، كارىمىز بولمىسۇن.

بۇ چاغدا ياڭ دېمىڭ كۈلۈپ كېتىدۇ.

**ياڭ دېمىڭ:** ھېيتاخۇن ـ زە... ئىككى ئاي ئىلگىرى نورۇزدا «چالما ـ كېسەك قىلىش»نىڭ قانداق جازا ئىكەنلىكىنى خەنزۇلار ئىچىگە سۆزلەپ تارقاتقان. بۇ قېتىم ئېلاننىڭ مەزمۇنىنى ئۇيغۇرلار ئىچىگە تارقىتىپتۇ ـ دە! ئۇ گۇچۇڭ بازىرىدىكى تۇز كۆڭۈل، چىقىشقاق ئادەم جۇمۇ!

ياڭ دېمىڭلار ئىشخانىدىن چىقىپ، يەرمان جاكارلاشقا ماڭىدۇ.

# 7

يې جەنجاڭنىڭ ئۆيى.

شىرە ئۇستىدە ئۇچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئۆتكەن باتۇر گۇەن يۇنىڭ سىزما سۇرىتى ئەينەك رامكىغا ئېلىپ قويۇلغان. چوڭ ھويلىدا ئىككى يۇزدەك شاگىرت مەشىق قىلىۋاتقان كۆرۇنۇش. يې جەنجاڭ بىلەن توختاخۇن جانباز سۆزلىشىدۇ:

**توختاخۇن جانباز:** يې ئۇستام، سىز ماڭا ياخشى ماھارەتلەرنى ئۆگەتكەن، ئەمدى «لاچىن قانات» ماھارىتىنىمۇ ئۆگىنەي دەپ كەلدىم.

**يې جەنجاڭ:** سىز بۇ ماھارەتنى بۇرۇنلا ئۆگەنگەن ئىدىڭىزغۇ؟

**توختاخۇن جانباز:** مەن نورۇز كۇنى سىچۇەنلىك چاڭ فامىلىلىك بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، ئۇ «لاچىن قانات»نىڭ گېپىنى قىلىۋىدى، مەنمۇ بۇ گەپنى سىزگە چاقچاق قىلىپ دەپ قويدۇم.

بۇ چاغدا يې جەنجاڭ توختاخۇننىڭ چىرايىغا تازا تىكىلىپ قارىۋېتىدۇ:

**يې جەنجاڭ:** چاڭ ياخشى ئادەم، مەن سىزنى چاقىرتاي دەپ تۇرغانىدىم. مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى، مەسلىھەتلىشەيلى. ئىچكىرىدىن چىن فامىلىلىك بىر

جانباز قىرىق شاگىرتى بىلەن كېلىپ لىخاجەنزىگە ئېلان چاپلاپتۇ، بۇنى ئۇقتىڭىزمۇ؟

**توختاخۇن جانباز:** ئازراق ئۇقتۇم. مەنمۇ مۇشۇ توغرۇلۇق گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باقاي دەپ كەلگەن.

**يې جەنجاڭ:** مەن ئۇيغۇر تىلىنى بىلىپ، يېزىقىنى بىلمىگەندەك، سىزمۇ خەنزۇ تىلىنى بىلىسىز، ئەمما خېتىنى بىلمەيسىز. مەن سىزگە ئېلاننى تەرجىمە قىلىپ ئوقۇپ بېرەي.

## ئېلان

«شىنجاڭدىكى جانبازلار 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى دامىياۋ (چوڭ بۇت ئىبادەتخانىسى)غا كېلىڭلار، ئېلىشىپ كۆرىمىز. ئەگەر جانبازلىق ئەهلى تۇرۇقلۇق، كېلىشتىن قورقساڭلار، قىزىل شەلپەردىن تىكىلگەن ئايالچە ئىشتاننى كىيىپ كېلىڭلار.

ئېلىشىشتىن قورقمايدىغانلار سەنشىمىياۋغا كېلىپ مەن بىلەن ئالاقە قىلىڭلار.

چىن فاجاڭ

1908 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.

**توختاخۇن جانباز:** چىن دېگەن بۇ ئادەم بەكمۇ هاكاۋۇر ئىكەن. بۇنىڭدىن بۇرۇن كۆلىيدىن كەلگەن جانبازلار مۇنداق گەپلەرنى قىلىپ باقمىغان، دوستانە گەپلەرنى قىلاتتى.

**يې جەنجاڭ:** بۇرۇن مەنمۇ شۇنداق، لەنجۇلارغا مۇسابىقىلەشكىلى بېرىپ، ئۇ يەردىكىلەرنى يېڭىۋالغان

چاغدىمۇ كەمستىمىگەن، ھۆرمەتلىگەن. ئۇلار سىزنى ھەمدە مېنى نىشانلاپتۇ، بۇلاردىن بىرىنى يەڭسەكلا، شىنجاڭنى يەڭگەن بولىمىز دەيدىكەن.

**توختاخۇن جانباز:** يې ئۇستام، بىز ھازىر سەنشىمىياۋغا بېرىپ، چىن فاجاڭنى زىيارەت قىلىپ باقمايلىمۇ؟

**يې جەنجاڭ:** بولىدۇ، بىز ساھىبخانا، ئۇ مېھمان بولغاندىكىن، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قويۇشمۇ بىر ئادەتتۇ، يۈرۈڭ، بارايلى.



# 8

سەنشىمىياۋ بۇتخانىسى.

يې جەنجاڭ بىلەن توختاخۇن جانباز ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ چېن فاجاڭنى چاقىرىدۇ.

**يې جەنجاڭ:** چېن ئۇستام!

قارشى تەرەپتىن ئىنكاس چىقمايدۇ، يەنە بىر قېتىم يۇقىرى ئاۋازدا «چېن ئۇستام!» دېگەندە ئىشىك چوڭ ئېچىلىدۇ، لېكىن ئادەم كۆرۈنمەيدۇ. يەنە بىر قېتىم تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا «چېن ئۇستام!» دەپ توۋلىغاندا، چېن فاجاڭ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ سالاملىشىدۇ. ئاۋۋال يې جەنجاڭغا، ئاندىن ئۇيغۇرچە دوپپا، ئۆتۈك، كۆڭلەك كىيىپ تۇرغان كىشىگە قاراپ، «توختاخۇن دېگەن مۇشۇ ئىكەن» دەپ جەزم قىلىدۇ ـ دە، قورقۇتۇپ قويماقچى بولۇپ، قول بېرىپ، ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق سىقىدۇ. توختاخۇن جانباز پەرۋامۇ قىلماستىن ئۇنىڭ قولىنى كېرىپ تاشلايدۇ. چېن فاجاڭنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىدۇ، لېكىن دەرھال ئېسىنى يىغىۋالىدۇ. چېن فاجاڭ ئۇلارنى ئۆيگە باشلايدۇ. يې جەنجاڭ، توختاخۇن جانباز ئۆزرە ئېيتىپ قايتىدۇ. ئەمما بۇتخانا قورۇسىدىن چىققاندا يې جەنجاڭنىڭ بېشى چۆشۈپ، بىرنەچچە قېتىم ئۇھ دەۋېتىدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** ئۇستام، نېمە بولدىڭىز؟

**يې جەنجاڭ:** دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ چىن ئالدىمىزدا ئىشىكنى ئېچىپ قويۇپ بىزگە كۆرۈنمەي، كەينىمىزدىن كېلىپ، ئاندىن بىز بىلەن كۆرۈشتى. مۇشۇ ئىشىنىڭ ئۆزىلا «مېنىڭ كارامىتىمنى كۆرۈپ قويۇڭلار» دېگەنلىكى، ئۇ جانبازلىقتا ئەڭ يۇقىرى ھېسابلىنىدىغان «خۇگۇڭ» ماھارىتىنى پىششىق بىلىدىكەن، ئۇنى بوش چاغلىغىلى بولمىغۇدەك.

**توختاخۇن جانباز:** مەنمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا ئەجەبلەندىم، لېكىن ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتقاندا چۆچۈپ چىرايى تاتاردى، سىز بۇنىڭغا دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟

**يې جەنجاڭ:** بۇنى سەزدىم، بىراق سەۋەبىنى بىلمىدىم.

**توختاخۇن جانباز:** ئۇ قولۇمنى قاتتىق سىقىۋىدى، مەن ئۇنىڭ قولىنى كېرىۋەتكەنىدىم. ئۇ «قولۇم كۇچلۇك» دەپ ھېسابلىسا كېرەك.

**يې جەنجاڭ:** كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇمۇ تېخى، بىراق قولى كارغا كەلمەپتۇ، سىناپمۇ بوپسىز، ئەمدى قانداق ئويلاۋاتىسىز؟

**توختاخۇن جانباز:** ھازىر سىز سەكسەن ياشتىن ئاشتىڭىز، ئاپپاق ساقىلىڭىز مەيدىڭىزگە چۈشۈپ تۇرۇپتۇ، بۇرۇن مۇشۇنداق ئىشلار بولسا بۇ يەردىكىلەرگە ۋاكالىتەن سىز مەيدانغا چۈشەتتىڭىز. بۇ قېتىم مەن مەيدانغا چۈشەي.

يې جەنجاڭ خۇش بولۇپ، يوتىسىغا شاپىلاق بىلەن بىرنى ئۇرۇپ قويدۇ.

**يې جەنجاڭ:** يارايسىز، مەن سىزدىن مۇشۇ جاۋابنى كۈتكەنىدىم. ھازىر بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ جاۋاب ئېلان يازايلى، سىز ئۇنى ئۇيغۇرچىغىمۇ تەرجىمە قىلىپ، لىخاجەنزىگە بۇگۈنلا چاپلاپ قويۇڭ.

ئىككى جانباز گۇچۇڭ كوچىسىدا كېتىۋاتماقتا. ئۇلار گۇچۇڭنىڭ ئەڭ ئاۋات رەستىسى لىخاجەنزىگە كېلىدۇ. كىشىلەر ئۇلارغا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارىشىپ ئېلان ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشىدۇ.

كاۋاپ يەپ ئولتۇرغان ئۇيغۇرلاردىن بىرى يېنىدىكىلەرگە: «چىن فاجاڭ ئېلانىدا بىزنىڭ جانبازلارنى كەمسىتىپتۇ، بۇ گۇچۇڭلۇقلارنى خاپا قىلىپ قويدى، ئۇلار دوستانە بولمىدى» دەيدۇ. گەزمال دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان خەنزۇلاردىن بىرى يېنىدىكىلەرگە: «بۇ ئېلان ئون نەچچە كۈندىن بېرى گۇچۇڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. چىن فاجاڭ ئېلاندا كەتكۈزۈپ قويدى، كىشىلەر بۇ قېتىم يەنە يې جەنجاڭ مەيدانغا چۈشەمدۇ ياكى توختاخۇن مەيدانغا چۈشەمدۇ، دەپ تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتىدۇ» دەيدۇ. غالتەك ھارۋىسىغا بىرقانچە قوينىڭ گۆشىنى ئېسىپ قويغان بىر قاسساپ ئەتراپىدىكىلەرگە: «توختاخۇن جانباز چاققان ھەم چەبدەس ئادەم. ئۇنىڭ تەق ـ تۇرقى جانبازلىققا تازا باب كېلىدۇ. ئۇ بۇ يىل يىگىرمە ئالتە ياشقا كىردى، راسا كۈچكە تولغان ۋاقتى، مەن ئۇنىڭ بىلەن قۇرداش» دەيدۇ. ھېيتاخۇن زاسۇيچىنىڭ يېنىدا ئۆپكە ـ ھېسسىپ يەۋاتقانلاردىن بىرى: «ھېيتاخۇن، سىز

دەپ بېقىڭە، كىم مەيدانغا چۈشەر» دېگەندە، ياش قوشاقچى ھېيتاخۇن قوشاق قاتىدۇ.
ھېيتاخۇن:

يېڭى دوپپا كىيىپسىز،
ئۇنى ئۆگمەيدۇ، دەمسىز.
بولۇۋاتقان ئىشلارنى،
بىزنى بىلمەيدۇ دەمسىز.

ئەنە قاراڭلار! يې جەنجاڭ بىلەن توختاخۇن جانباز بىللە كېلىۋاتىدۇ، ئۇلار بۇ توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشمەي قويمايدۇ. يې جەنجاڭ خۇشال تۇرمامدۇ، مېنىڭچە چوقۇم توختاخۇن جانباز ياش بولغاندىكىن شۇ مەيدانغا چۈشىدۇ.
بۇ چاغدا ئۆپكە - ھېسسىپ يەۋاتقانلار يې جەنجاڭ بىلەن توختاخۇن جانبازنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنى ئۆپكە - ھېسسىپ يېيىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلار كېلىدۇ.
ئاردىن بىرى: «زادى قايسىڭلار مەيدانغا چۈشۈپ، چىن فاجاڭ بىلەن ئېلىشىسىلەر» دېگەندە، توختاخۇن جانباز «بىز مەسلىھەتلەشتۇق، مەن چۈشىمەن» دەيدۇ.
بۇ چاغدا ئەتراپتىكىلەر ھېيتاخۇن زاسۇيچىنىڭ دۈمبىسىگە شاپىلاقلاپ، «دانا ئىكەنسىز» دەپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.
بۇ خەۋەرنى بىلگۈسى كەلگەن ئاما بۇ يەرگە توپلانغىلى تۇردى. دەل مۇشۇ چاغدا ھېلىقى پەرمان جاكارلىماقچى بولۇپ توختاخۇن جانباز بىلەن يې


جەنجاڭنى ئىمزەپ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلارنى تاپالماي يۇرگەن تۆت يايى ئۇلارنىڭ ئامما ئىچىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بۇ يەرگە كېلىدۇ. ئۇلاردىن بىرى: «پەرمان جاكارلاش ئۈچۈن ئۆيلىرىڭلارغا بېرىپ يۈرۈپتۇق، ئەسلىدە بۇ يەردە ئىكەنسىلەر، قېنى، ئاڭلاپ تۇرۇڭلار، بۈگۈندىن باشلاپ توختاخۇن قولىدىكى ئىككى يۈزدىن ئارتۇق شاگىرتىنى، يې جەنجاڭمۇ قولىدىكى ئىككى يۈزدىن ئارتۇق شاگىرتىنى تارقىتىۋەتسۇن!— دەپ بولۇپ كۆپچىلىككە سەت قارىۋەتكەندىن كېيىن، — ئەسكەرتىپ قويىمىزكى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە جانبازلىق نامى بىلەن توپلىنىپ، بۇيۇك چىڭ خاندانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى مالىمان قىلغان يىخىپتۇەنچىلەر باستۇرۇلدى. سىلەرمۇ شاگىرت توپلاپ، خاتا ئىش قىلىپ قويماڭلار» دەپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. ئامما ئۇلارنىڭ كەينىدىن نەپرەت بىلەن قاراپ قالىدۇ.

**يې جەنجاڭ:** توختاخۇن، هازىر سىز بىلەن مەن جانباز ئەمەس، سىياسىي جەھەتتىكى خەتەرلىك ئەرباب بولۇپ قاپتۇق. خەپ! بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر.

**توختاخۇن جانباز:** بىز ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرمىساقمۇ ھۆكۈمەت بىزگە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەندەك بىزمۇ بىرەر ئىش قوزغايمىزمۇ - يە؟!

**يې جەنجاڭ:** بۇنداق غەزەپ ھەممىمىزدە بار، كۈلىيدىكى خەلق ئۇزاققا بارماي پادىشاھنى يوقىتىدۇ. خان بىلەن خان ئانىسى ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىپ تۈگىشەيلا دېدى. بىز ئالدىرىماي تۇرساقمۇ بولىدۇ.

ئەتراپتىكىلەر بۇ سۆزلەرگە قايىللىق بىلدۈرۈپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قويىدۇ. ئاندىن يې جەنجاڭ ھېيتاخۇن زاسۇيچىگە قاراپ: «سىز ماڭا قەغەز، يۇڭ قەلەم، سىياھ تېپىپ بېرىڭە، جاۋاب ئېلاننى مۇشۇ يەردىلا يېزىپ چاپلىۋېتەيلى» دەيدۇ. بۇ چاغدا گەزمال دۇكىنىدىكى خەنزۇ: «بۇ نەرسىلەر بىزنىڭ دۇكاندا تەييار، يۇرۇڭلار، بىزنىڭ دۇكانغا بارايلى» دەپ ئۇلارنى باشلاپ ماڭىدۇ.



# 9

گۆچۆك بازىرىنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرى لىنخاجەنزىدىكى دامىياۋ (چوڭ بۇت) ئىبادەتخانىسى.

**باش راھىب:** ئىككى ئاي ئىلگىرىكى پائالىيەت ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى كۈنى بولغان. بۈگۈنكى پائالىيەت خەنزۇلارنىڭ تاڭزۇڭزا چاغىنى كۈنىگە توغرا كەلدى. ئۆتكەن قېتىم توختاخۇن جانبازنىڭ «چالما ـ كېسەك قىلىش» دېگەن گېپى گۆچۆكدا ئون نەچچە كۈن غۇلغۇلا قوزغىغان بولسا، بۇ قېتىم چىن فاجاڭنىڭ ئېلانىدىكى ھېلىقى سۆزلەرمۇ ئون نەچچە كۈن غۇلغۇلا قوزغىدى، شۇڭا بۈگۈن يىغىلغان ئادەملەر ئۆتكەن قېتىم يىغىلغان ئادەملەردىن ئاز ئەمەس، يەنە داۋاملىق كېلىۋاتىدۇ. باشلاشقا ئالدىراپ كەتمەيلى.

كىشىلەرنىڭ ئالدىغىراق تەييارلانغان ئورۇنلاردا مانجۇچە ئۇزۇن چاچ قويغان، ئەمەلدارلىق قالپاقلىرىنى كىيگەن ئەمەلدارلار يەنە يايىلارمۇ ئولتۇرغان.

كېلىۋاتقان خەنزۇلار تاختا چاي، گەزمال، چەينەكلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىشقان. ئۇيغۇرلار بولسا يېڭى تىككەن ئۆتۈك، قۇلاقچا، گىلەم، جۇۋا، ماتا، چەكمەنلەرنى كۆتۈرۈۋېلىشقان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ياقا يۇرتتىن كەلگەنلەرمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلار قولىغا

ھېچنېمە ئالماي ماڭغان. ئۇلاردىن بىرى: «ئېلىنىۋالغان بۇ نەرسىلىرىڭلارنى ساتامسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. يەرلىكلەر كۈلۈپ كېتىپ، «ياق، ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان گۇچۇڭدا جانبازلىق تەرەققىي قىلغان. كىشىلەر جانبازلارنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا ھەر قېتىم جانبازلار ئېلىنىشقاندا ھەركىم نەرسە ـ كېرەك كۆتۈرگەچ كېلىپ مەيدانغا تاشلايدۇ، ئاخىرىدا قايسى جانباز يېڭىپ چىقسا بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ بولىدۇ. ئىشىك بېلىتى ساتىدىغان ئىشمۇ يوق، بۇنداق قىلىش گۇچۇڭلۇقلارغا ئۇدۇم ــ ئادەت بولۇپ كەتكەن» دەيدۇ.

ئەنە، ھەركىم ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى مەيدانغا تاشلىماقتا. بۇلارنى ھېچكىم تىزىملاپمۇ ئولتۇرمايدۇ. بۇ قېتىم ئەكەلگەن نەرسىلەر كۆپ ھەم ئېگىز دۆۋىلەنگەن بولغاچقا، بۇ تەرەپتىكى ئادەملەر ئۇ تەرەپتىكى ئادەملەرنى كۆرەلمەيدۇ.

كىشىلەرنى تەقەززا قىلغان ئىش باشلىنىدۇ. باش راھىب: «ھازىر ئىككى جانباز مەيدانغا كىرىپ، ئالدى بىلەن يەككە ماھارەت كۆرسىتىشنى باشلايدۇ. قائىدە بويىچە بىرىنچى نۆۋەت مېھمان جانباز چىن فاجاڭنىڭ!» دەپ جاكارلايدۇ.

چىن فاجاڭ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ سەكرەيدۇ ـ دە، ئېگىز ئۆرلەپ، بىرمۇنچە موللاق ئېتىۋېتىپ يەرگە تىك چۈشىدۇ، بۇنى يەنە ئىككى قېتىم تەكرارلايدۇ. مەيداندا تەنتەنە داۋام قىلىپ تۇرىدۇ.

چىن فاجاڭ ئىككىنچى ماھارەت ــ قىلىچۋازلىق ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ

تېزلىكىدىن قىلىچىنىڭ ئۇچىدىن ئۇچقۇن چىقىپ تۇرىدۇ. تاماشىبىنلارنىڭ يۇرەكلىرى جىغىلداپ، چۇقان ـ سۇرەن تېخىمۇ كۇچىيىدۇ.

چىن فاجاڭ ئۇچىنچى ماھارەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر سەكرەپ ئېگىز كۆتۇرۇلۇپ، موللاق ئېتىپ يەرگە تىك چۇشىدۇ ـ دە، ئالىقىنى بىلەن يەرگە قاتتىق بىرنى ئۇرىدۇ. يەر زىلزىلىگە كېلىپ، مەيدانغا يېيىتىلغان خىشلارنىڭ بىرى كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇششاق پارچىلىرى ئۇچۇپ بېرىپ ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىدىكى پىيالىلەرگە چۇشىدۇ. مەيداندا بىر پەس كۇلكە، چاۋاكلار ياڭرايدۇ. باش راھىب: «ئەمدى نۆۋەت توختاخۇنىنىڭ!» دەپ جاكارلايدۇ.

توختاخۇن جانباز مەيداننىڭ چېتىگىرەك قويۇلغان چوڭ بىر تاشنى قۇچاقلاپ كۆتۇرۇپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىدۇ ـ دە، تاشنى كۇچەپ ئېگىز ئۆرلىتىپ، ئۇنى ئوڭ قولىنىڭ مۇشتى ئۇستىدە توختىتىدۇ، ئاندىن يەنە ئۆرلىتىپ، سول قولىنىڭ مۇشتى ئۇستىگە توختىتىدۇ. بۇنى ئۇچ قېتىم تەكرارلايدۇ. ئاخىرىدا تاشنى يەنە بىر قېتىم ئېگىز ئۆرلىتىپ، يەرگە چۇشۇرگەندە يەر تىترەپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا باش راھىب: «بۇ تاشنىڭ ئېغىرلىقى يۇز جىڭ» دەپ ئەسكەرتىپ قويىدۇ. تەنتەنە يەنە قىزىپ كېتىدۇ.

توختاخۇن جانباز ئىككىنچى ماھارەتنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوڭغا بەش قەدەم، سولغا بەش قەدەم مېڭىۋېتىپ تىزلىرىنى ئەگمەي تۇرۇپلا، قورساق ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرىغا ئىتتىرىش كۇچىنى

قوزغاپ، ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، ئون نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى دامىياۋ بۇتخانىسىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىدۇ، ئاندىن يەنە پەسكە سەكرەپ مەيدانغا قايتىپ چۈشىدۇ. تاماشىبىنلار «ياشاپ كەت!» دەپ توۋلىشىپ كېتىدۇ.

توختاخۇن ئەمدى ئۈچىنچى ماھارەتنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ پىرقىراپ مەيداننى بىر ئايلىنىدۇ ـ دە، ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىغا بارغاندا شۇنداق تېز پىرقىرايدۇ، ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ھاسىل بولغان ھاۋا دولقۇنى ئەمەلدارلارنىڭ ئەمەلدارلىق قالپاقلىرىنى ئۇچۇرۇپ تاشلايدۇ. ئۇلار ھودۇقۇپ كېتىدۇ. مەيداندا كۈلكە، چاۋاكلار ئۇزاققىچە توختىمايدۇ. بىرھازادىن كېيىن باش راھىب: «ئەمدى ئىككى جانباز بىر ـ بىرى بىلەن پۇت ـ قول ماھارىتىدە ئېلىشىدۇ» دەيدۇ. ئېلىشىش باشلىنىدۇ، چۇقان ـ سۈرەن داۋام قىلىپ تۇرىدۇ. ئىككى جانباز بىر ـ بىرىدىن ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك ھەم سىرلىق كۆرۈنىدۇ. كىشىلەر مېھمان جانبازغا كۆپرەك دىققەت قىلىدۇ.

توختاخۇن جانباز ئىككى قېتىم مېھمان جانبازغا يول بېرىدۇ، بۇ ھال كىشىلەرگە يېڭىلىپ قالىدىغاندەك تەسىر بەرگەچكە، كۆپچىلىك جىددىيلەشكىلى تۇرىدۇ، لېكىن ئۈچىنچى قېتىم يول قويۇشمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. غەلىبە قىلىشقا ئالدىراپ كەتكەن چىن فاجاڭ كۈچەپ تۇرۇپ، ئوڭ پۇتى بىلەن توختاخۇن جانبازنى بىر تېپىپ يىقىتىۋەتمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ پۇتىنى توختاخۇن جانباز چاققانلىق بىلەن قولتۇقىغا قىسىۋالىدۇ، چىن

فامىلىلىكىنىڭ بېشى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ قېلىپ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىدۇ. مانا مۇشۇنداق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، كارامەت كۆرسىتىشكە ماھىر توختاخۇن جانباز ئۇنى شۇ ھالەتتە بىر ئايلاندۇرۇۋېتىپ كاسىسىغا كۈچ بىلەن بىرنى تېپىدۇ، چىن فاجاڭ قاڭقىپ بېرىپ بىرقانچە مېتىر يىراقتا ئولتۇرغان شاگىرتلىرىنىڭ ئۇستىگە يېقىلىپ چۈشىدۇ. مەيداندا قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلىدۇ. خەنزۇ، خۇيزۇلار «تاچاڭ زىدى توختى» دەپ ۋارقىرايدۇ، باشقا مىللەت تاماشىبىنلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ، «تاچاڭ زىدى توختى» (مەيدان ھۆكۈمرانى توختى دېگەن مەنىدە) دەپ تەكرار توۋلىشىدۇ.

چىن فاجاڭ ئاران ئورنىدىن تۇرۇپ «يېڭىلدىم» دەيدۇ. تاماشىبىنلار «مەرد ئىكەنسىز» دەپ ئۇنىڭغىمۇ قىزغىن چاۋاك چالىدۇ. باش راھىب «بۇگۈنكى تاڭزۇڭزا چاغىنىدا بولغان ئىشلارمۇ نورۇز كۈنى بولغان ئىشلاردەكلا كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ماھارەت كۆرسىتىش ئاخىرلاشتى» دەپ ئېلان قىلىدۇ. بۇ چاغدا يې جەنجاڭ خۇش بولۇپ ئەتراپىدىكىلەرگە «ئەمدى توختاخۇن زامانىمىزدىكى مەشھۇر جانباز بولۇپ قالدى» دەيدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن توختاخۇن جانبازنىڭ ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، موڭغۇل دوستلىرى ئۇنى كۆرگەندە چاقچاق قىلىپ، «تاچاڭ زىدى توختى» دەپ قول بېرىپ كۆرۈشىدىغان بولىدۇ.

# 10

يامۇل.

ياپىلار باشلىقى چىن فاجاك بىلەن سۆزلىشىپ تۇرىدۇ.

**ياپىلار باشلىقى:** سىز توختاخۇنغا «پۇت - قول ماھارىتىدە يېڭىلدىم، ئەمدى گۇرزە ياكى قىلىچۋازلىقتا ئېلىشىپ باقايلى، قىرىق شاگىرتىممۇ سىزنىڭ قىرىق شاگىرتىڭىز بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشىپ باقسۇن» دېگەنىكەنسىز، توختاخۇن بۇ گېپىڭىزگە قوشۇلۇپتۇ، لېكىن بىزدىن ئىجازەت سوراپ كەلگەندە رەت قىلدۇق. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق، يې جەنجاڭنىڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق شاگىرتىنى بىز پەرمان جاكارلاپ تارقىتىۋەتكىلى تېخى ئون كۈن بولمىدى. بۇ ئەھۋالدا سىز قىرىق شاگىرتىڭىز بىلەن ئۇنىڭ قىرىق شاگىرتىنى مەيدانغا چۈشۈرىمەن دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سىز بۇ يەردىن كېتىپ باشقا جايلارغا بېرىپ جانبازلار بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭ.

**چىن فاجاك:** مەن بۇرۇن يۇرتۇمغا غەلىبە قىلدىم، دەپ باراتتىم، ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن مەغلۇپ بولدۇم، دەپ بارىمەن. شۇڭا شاگىرتلىرىم كەتسۇن، مەن تېخىمۇ يىراقراق بولغان غۇلجىغا كېتەي.

**ياپىلار باشلىقى:** بولىدۇ، ئەگەر يول خېتى لازىم بولسا، بىز بېرەيلى.

# 11

ئېكرانىدا «1911 ـ يىلى كەچ كۈز» دېگەن خەت كۆرۈنىدۇ.

يې جەنجاڭنىڭ ئۆيى.

جانبازلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان يايى ياڭ دېمىڭ يې جەنجاڭغا گەپ قىلىدۇ.

**ياڭ دېمىڭ:** شەڭگەن يامۇلىدىكى بىر چوڭ ئەمەلدار بۇ يەردىكى جانبازلارغا زەربە بېرىمەن، دەپ ئىچكىرىدىن تۆت جانبازنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى، ئاساسىي نىشانى توختاخۇن ئىكەن. ئۆز ۋاقتىدا توختاخۇن ئىككىمىزمۇ سىزدىن جانبازلىقنى ئۆگەنگەنىدۇق. پايدىسى بولسا بولدىكى، ھېچكىمگە زىيىنى بولمىدى، جانبازلارغا شۇ قەدەر ئۆچمەنلىك قىلىش كېرەكمىكەن؟

**يې جەنجاڭ:** بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق، ئون يىل ئىلگىرى، يەنى 1900 ـ يىلى سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغاندا پادىشاھ قورقۇپ، پايتەخت بېيجىڭنى تاشلاپ شىئەنگە قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، پادىشاھلىق ئورنىغىلا تەگمىسە، شىئەنگە قوغلاپ كەلمىسىلا تاجاۋۇزچىلار نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى بەرمەكچى بولغان. مانا مۇشۇنداق چاغدا يېڭىپتۇەنچى جانبازلار تاجاۋۇزچىلارغىمۇ، تەسلىمچى

پادىشاھقىمۇ كۈچلۈك قارشى تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ھەم ئەمەلدارلار جانبازلارغا ئۆچ بولۇپ كەتتى. ھازىر توختاخۇننىڭ ئىناۋىتى ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن بۇ يەردىكى ئەمەلدارلارمۇ ئۇنى تەھدىت دەپ بىلمەكتە.

**ياڭ دېمىڭ:** ھە... ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە.

**يى جەنجاڭ:** شۇنداق، ياڭ دېمىڭ، توختاخۇنغا مەن خەۋەر يەتكۈزۈپ ئاگاھلاندۇراپ قوياي، ھېلىقى تۆت جانباز ھازىر نەدە ئىكەن؟

**ياڭ دېمىڭ:** رەستىدىكى سارايدا يېتىۋاتىدۇ، نەچچە كۈندىن كېيىن ئېلىشىش ۋاقتى بىلەن ئورنىنى ئېلان قىلىدىكەن، ئەمەلدارلار ئارىلاشمىغان بولۇۋالىدىكەن. ئەگەر يېڭىۋالسا ھەربىرىگە مىڭ سەردىن كۈمۈش مۇكاپات بېرىدىكەن.

**يى جەنجاڭ:** باشقا ياخشى خەۋەرلىرىڭ يوقمۇ؟

**ياڭ دېمىڭ:** بار. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە چوڭ قوزغىلاڭ، چوڭ ئۇرۇشلار بولۇۋېتىپتۇ.

**يى جەنجاڭ:** چىڭ سۇلالىسى لىڭشىپ قالغان ئەسكى تام، بۇگۈن ئۆرۈلمىسە ئەتە ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ.



# 12

تۆت جانباز مېھمانخانا ياتىقىدا پاراڭلىشىدۇ.

**ئېگىزرەك بىرى:** بىزنى شۇنچە يىراق يەردىن كۆپ پۇل خەجلەپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، يەڭسەك يەنە مۇكاپات بېرىدىكەن، بۇنىڭغا قارىغاندا توختاخۇن جانباز دېگىنى بوش ئادەم ئەمەس ئوخشايدۇ جۇمۇ.

**ئوتتۇرا بوي يەنە بىرى:** ھازىر بۇ يەردىكىلەر بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى تېخى بىلمىدى. ئېلىشىدىغان ۋاقتىمۇ تېخى ئېلان قىلىنمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن توختاخۇننى ئىزدەپ بېرىپ، تۈيدۈرماي يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈپ باقايلى. ئەگەر خالىيراق جايدا ئۇچراپ قالسا ئەدىپىنى بېرىپ ئېلىشالماس قېلىپ قويساق يەڭگەن بولمايمىزمۇ؟!

بۇنىڭغا قالغانلارمۇ قوشۇلىدۇ.

# 13

ئۇلار سوراپ يۇرۇپ ئۇيغۇرچە ئۇسلۇبتا ياسالغان بىر چوڭ دەرۋازا ئالدىدا توختاپ، قورۇدىن چىقىۋاتقان ئۇيغۇر مومايدىن «توختاخۇن جانبازنىڭ ئۆيى قەيەردە؟» دەپ سورايدۇ. موماي: «مۇشۇ قورۇدا، ئۆزى ئەنە كېلىۋاتىدۇ» دەپ، تۇغقانلىرىنىڭ نەزىرىسىدە پولۇ ئېتىپ بېرىپ كەپكۇر، پالتا، پىچاق، قىڭراقلىرىنى رەختكە يۆگەپ قولتۇقىغا قىستۇرۇپ كېلىۋاتقان توختاخۇن جانبازنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئۇلارغا توختاخۇن جانباز ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدەك سۇرلۇك كۆرۈنمەيدۇ، ئالدىراپ كەتكەن بىرسى سوقۇپ يىقىتىۋېتىپ ئۇستىدىن دەسسەشنى مەقسەت قىلىپ ئۇنى قاتتىق سوقىدۇ. توختاخۇن جانباز تەييارلىقسىز كېلىۋاتقانلىقى ئۇچۇن يىقىلىپ چۇشكىلى تاس قالىدۇ. قاراپ باقسا ھېلىقى ئادەم يەنە يۇگۇرۇپ كېلىۋاتقان، توختاخۇن جانباز بارماقلىرىنى جۇپلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قولتۇقىغا بىر ئۇرۇپ ئىككى قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ. ھېلىقى كىشى ۋايسىغان پېتى ئولتۇرۇپ قالىدۇ. بۇنى كۆرۈپ يەنە بىرى يۇگۇرۇپ كېلىدۇ. توختاخۇن جانباز ئۇنى چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋېلىپ يانپاشقا ئېلىپ يەرگە

بىر ئۇرۇپ قوپالماس قىلىۋېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن قالغان ئىككىسى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالماي تۇرۇپ قالىدۇ. توختاخۇن جانباز يې جەنجاڭنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىنى ئەسلەپ، (بۇ چاغدا ئېكرانىنىڭ بىر چېتىدە رامكا پەيدا بولۇپ، يې جەنجاڭنىڭ توختاخۇن جانبازنىڭ قولىقىغا گەپ قىلىۋاتقانلىقى كۆرۈنىدۇ) «كۈلىيدىن چىققان تۆت جانباز سىلەرمۇ؟» دېگەندە، ئۇلار باش لىڭشىتىپ «شۇنداق، بىز!» دەيدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش جانبازلارنىڭ ئىشى ئەمەس، بىزنى ئەمەلدارلار ئۇرۇشتۇردى. جانبازلار دوستانە ئۆتۈشى كېرەك. ھۆكۈمرانلار ئەمدى سىلەرنى كېرەك قىلمايدۇ، يۇرۇڭلار، بىزنىڭ ئۆي مۇشۇ قورۇدا.

توختاخۇن بۇ جانبازلارنى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۆيىگە باشلاپ بىرنەچچە كۈن مېھمان قىلىدۇ ھەمدە قوۋۇرغىسى سۇنغان جانبازنىڭ قوۋۇرغىسىنى تېڭىقچىغا تاڭدۇرۇپ قويىدۇ.

**ھېلىقى قوۋۇرغىسى سۇنغان جانباز:** توختاخۇن، بىز سىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، سىزنى رەنجىتكەن بولساقمۇ سىز كۆڭلىڭىزگە ئالمىدىڭىز. ئەكسىچە ئوبدان مېھمان قىلدىڭىز. سۇنغان قوۋۇرغامنى تاڭدۇرۇپ قويدىڭىز، مانا ئۈچ كۈندىن بېرى ئاغرىقى توختىدى. ئەمدى بىز يولغا چىقساق.

**توختاخۇن جانباز:** دوستلۇقنى ھېچكىم يوقىتالمايدۇ، بىزنىڭ ئۆيدە ئۈچ ـ تۆت كۈن تۇرغانغا

نېمە بوپتۇ؟ ئەمەلدارلارمۇ بۇنى بىلىپتۇ، لېكىن بىلمەس بولۇپ جىم تۇرۇۋالدى، خەتەر يوق.

**يەنە بىر جانباز:** خەتەر يوق بولسا، تېخىمۇ تېزرەك يولغا چىقايلى، سىزگە رەھمەت!

ئۇلار خوشلىشىپ ماڭدى.

توختاخۇن جانباز ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ، «ئەمەلدارلارنىڭ دوستلۇقنى بۇزماقچى بولغان قەستى تېخى مەيدانغا چۈشۈپ ئىشلىشىمەي تۇرۇپلا بەربات بولدى. يې جەنجاڭنىڭ ‹چىڭ خاندانلىقى ئەمەلدارلىرى يارامسىز بولۇپ كەتتى، دېگەنلىرى راست ئىكەن جۇمۇ!» دەيدۇ.

# 14

توختاخۇن جانباز قوشنىسى تاجىخان موماي بىلەن قورۇسىدا سۆزلەشمەكتە.

**تاجىخان:** ئۇكام توختاخۇن، هېلىقى تۆت جانباز سىزنى ئىزدەپ كەلگەندە سىزنى مەن كۆرسىتىپ قويغان ئىدىم. ئۇلارنى يەڭگەنلىكىڭىزنىمۇ كۆرۇپ تۇرغان ئىدىم. بۇ ئەھۋالنى قوشنىلارغا دەپ بەرسەم پۇتۇن ناهىيەگە پۇر كەتتى. تۆت جانباز شۇ كۇنى مېهمانخانىدا ياتمىغانلىقى ئۇچۇن ئەمەلدارلارمۇ بولغان ۋەقەنى شۇ چاغدىلا بىلىپ بوپتۇ.

**توختاخۇن جانباز:** هە... تاجىخان ئانا، بۇ خەۋەر سىزدىن تارقالغان ئىكەن ـ دە، سىزمۇ جىم يۇرمەپسىز.

**تاجىخان:** بۇ ئىش ئۆتۇپ كەتكىلىمۇ ئىككى ئايدىن ئاشتى، ئاخشام نەۋرەم ئىسمايىل هېيتاخۇن زاسۇيچىدىن مۇنداق بىر خەنزۇچە قوشاق ئاڭلاپ كەپتۇ:

چىتەي يۇۋگا توختى چىۋەنباشى،[1]
ۋەيدى گولەيلە سىگا چىۋەنباشى.

---

① چىۋەنباشى ــ خەنزۇچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «مۇشتلىشىش ئۇستىسى» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇيغۇرچىغا «چامباش» بولۇپ ئۆزلەشكەن. ئۇيغۇرچە ئەسلىي ئاتالغۇسى جانباز.

سىڭا چىۋەنباشى دىلىڭ بولياۋ،
توختى دى يىڭا يانباشى.

بۇنى ھېيتاخۇن ئۆزى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىپتۇ.

گۇچۇڭدا بار بىر توختى چامباش،
سىرتتىن كەلدى تۆت چامباش.
تۆت چامباشنى يېڭىۋالدى،
توختىدىكى بىر يانپاش.

**توختاخۇن جانباز:** بۇ قوشاقنى مەنمۇ ئاڭلاپ بولدۇم، ھېيتاخۇن زاسۇيچى بۇنى خەنزۇ قوشنىلىرىدىن ئاڭلاپ، بازاردىكى ھەممىلا ئادەمگە تارقىتىپ يۈرۈپتۇ.
**تاجىخان:** ھېيتاخۇن - زە، ھەممىلا ئىشنى بىلىپ تۇرىدىغان ئادەم جۇمۇ. بىرى گەپ سورىسىلا:

«يېڭى دوپپا كىيىپسىز،
ئۇنى ئۆڭمەيدۇ دەمسىز.
بولۇۋاتقان ئىشلارنى،
بىزنى بىلمەيدۇ دەمسىز.»

دەپلا گەپ باشلاپ كېتىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن تەڭدىمەتلىك، ئۇ قوشاقچى ئايال، ئەمدى ئوغلىمۇ قوشاقچى بولدى.
**توختاخۇن جانباز:** ئۇ كۆپ ئادەملەر بىلەن

سىردىشالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ گەپلىرى توغرا چىقىدۇ. بۇ قوشاقنى خەنزۇلاردىن بىرى يارامسىز ئەمەلدارلارغا قارشى توقۇغانىكەن.

**تاجىخان:** بۇ قوشاقنى توقۇغان ئادەم ئەمەلدارلاردىن قورقمايدىكەن ـ ھە!

**توختاخۇن جانباز:** ھازىر خەنزۇلار ئىچىدە ئەمەلدارلار تۈرماق، پادىشاھتىنمۇ قورقمايدىغان ئادەملەر كۆپ.

**تاجىخان:** ئۇنداق بولسا بىرەر چوڭ ئىش بولۇپ قالامدۇ نېمە؟

**توختاخۇن جانباز:** شۇنداق، چوڭ ئىش كۆلىمىدا بولۇۋېتىپتۇ.



# 15

قىش پەسلى.

هاۋا ئوچۇق بىر كۈنى توختاخۇن جانباز قورۇسىدا قار تازىلايدۇ. ھېلىقى سىچۇەنلىك چاڭ قورۇغا كىرىپلا «خۇش خەۋەر» دەپ توۋلايدۇ. توختاخۇن جانباز ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرىدۇ.

**چاڭ:** چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپتۇ، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى دۆلەت باشلىقى بولۇپ، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلۇپتۇ. سىچۇەندىكى سەپداشلىرىمىزدىن «قايتىپ كەل» دەپ خەۋەر كەلدى. مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى يىخىپتۇەنچى دەپ قاماپ قويغان باشلىقلىرىمىزدىن تىرىك قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى مىنگو ھۆكۈمىتى قويۇپ بېرىپتۇ. مەن ئەتىلا يولغا چىقىمەن، يې جەنجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولدۇم، ئەمدى سىز بىلەن خوشلىشاي، دەپ كېلىشىم.

**توختاخۇن جانباز:** ئەمدى شاگىرت تەربىيەلىسەك بولىدىكەن ـ دە!

**چاڭ:** ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئەمدى بۇ يەردىكى مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ مەنسەپتىن چۈشىدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** ئۇنداق بولسا «مىنگو» ياخشى ئىكەن.

**چاڭ:** «مىنگو» ــ دۆلەت باشلىقلىرىنى خەلق سايلايدىغان خەلق دۆلىتى دېگەنلىك ئىكەن. «مىنگو» تۇزۇمىنى مەنمۇ جىق بىلمەيمەن. ئاران ئىككى يۈز خەت بىلىمەن، كىتابلارنىمۇ ئوقۇيالمايمەن، ئىشقىلىپ، ئۈچ يېشىمدا جۇڭگوغا پادىشاھ بولغان شۈەنتۇڭ خان ئاغدۇرۇلۇپتۇ.

**توختاخۇن جانباز:** مەن ئوتتۇز نەچچە ھەرپنى ئاتامدىن ئۆگەنگەن، باشقىلار يازغان خەتنى ئوقۇيالايمەن.

**چاڭ:** مېنىڭدىن ئاز خەت بىلىدىكەنسىز، قانداقلارچە خەت ئوقۇيالايسىز؟

**توختاخۇن جانباز:** خەنزۇلارنىڭ خېتى كۆپ، بىز ئوتتۇز ئىككى ھەرپىمىزنى بىلىۋالساقلا ئاستا ـ ئاستا خەت يازالايدىغان ھەم ئوقۇيالايدىغان بولىمىز.

**چاڭ:** ئۇنداقتا سىلەرنىڭ خېتىڭلارنى بىلىش ئاسان، گېپىڭلارنى بىلىش تەس ئىكەن ـ دە؟

**توختاخۇن جانباز:** شۇنداق. سىلەرنىڭ خېتىڭلارنى بىلمەك تەس، گېپىڭلارنى بىلمەك ئاسان.

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.

**چاڭ:** سىزگە قەست قىلىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن ھېلىقى تۆت جانبازنى يېڭىپ، ئەمەلدارلارنى تازىمۇ ئوسال قىلىۋەتتىڭىز. مەن سىزگە تۆت يىل ئىلگىرى سىچۈەندىن قېچىپ كېلىپ بۇ يەردە يۈرگەن جانباز ئىكەنلىكىمنى ئېيتقانىدىم، سىز بۇنى ئەمەلدارلارغا مەلۇم قىلىپ قويمىدىڭىز، دوستلۇققا يارايدىغان ئادەم ئىكەنسىز.

**توختاخۇن جانباز:** سىزمۇ شۇ چاغدا يايىلارنىڭ مېنى

تۇتماقچى بولۇپ قىلىشقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇپلىپ، ئۇنى ماڭا دەپ قويدىڭىز، سىزمۇ دوستلۇقا يارايدىكەنسىز، ئەگەر سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى ئەمەلدارلار بىلىپ قالغان بولسا ئېغىر جازا بېرەرمىدى؟

**چاڭ:** بېيىپىڭ تەرەپلەردە ئۇخلاپ قوپۇپ غۇلىچىنى يېيىپ كېرىلىپ قويغان ئادەملەرنىمۇ يىخىپتۇەنچى ئىكەن، دەپ جازالىغان. مۇبادا مېنى بىلىپ قالغان بولسا ئۆلتۈرۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. چۈنكى مەنمۇ بىر گورۇپپا جانبازنىڭ مەسئۇلى ئىدىم.

**توختاخۇن جانباز:** سىز بىلەن مېنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ بېسىمى دوست قىلىپ قويدى.

**چاڭ:** بۇ گېپىڭىز ناھايىتى توغرا بولدى، بىزنىڭ بەزى باشلىقلىرىمىزمۇ «بىزنى زۇلۇم بىرلەشتۈرگەن» دەيتتى.

**توختاخۇن جانباز:** راست، ئەتە يولغا چىقامسىز؟

**چاڭ:** شۇنداق.

توختاخۇن جانباز ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر قىسقا جۇۋا، توققۇز سەر كۈمۈش ئاچىقىپ چاڭغا «بۇ مېنىڭ يوللۇقۇم» دەيدۇ. چاڭ ناھايىتى تەستە قوبۇل قىلىدۇ ۋە بىر ئىشنى ئەسكە ئالغاندەك بولىدۇ.

**چاڭ:** توختاخۇن، بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرىكى نورۇز كۈنى قۇمۇلغا كەتمەكچى بولغان شاگىرتىڭىز ھەمدۇللاغىمۇ توققۇز سەر كۈمۈش يوللۇق قىلغان ئىدىڭىز، ئەمدى ماڭىمۇ شۇنداق قىلدىڭىز، بۇنىڭدا بىرەر مەنە بارمۇ قانداق؟

**توختاخۇن جانباز:** بىز ئۇيغۇرلاردا «توققۇزى تەل

بولسۇن» دەيدىغان گەپ بار. بۇنىڭ مەنىسى ھەممە نېمىسى تەل بولسۇن دېگەنلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن توققۇز سەر كۆمۈش بەردىم. سىزنىڭمۇ توققۇزىڭىز تەل بولسۇن.

ئىككىسى يەنە كۈلۈشىدۇ.

**چاڭ:** رەھمەت، سىزنىڭ ھەرقانداق ئىشىڭىز چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىكەن. «چىۋىن تۇتقۇزۇش»، «چالما ـ كېسەك قىلىش» دېگەن گەپلەر بىلەن بىر ناھىيە خەلقىنى گاھ ۋەھىمىگە سالدىڭىز، گاھ كۈلدۈردىڭىز، شۇ چاغدا سىزنى قولغا ئالغىلى كەلگەن ياپىلارمۇ كۈلۈپ كېتىشتى. سىزنىڭ بۇ ئىشلىرىڭىزنى سىچۈەنگە بارغاندا سەپداشلىرىمغا دەپ بېرىپ ئۇلارنىمۇ كۈلدۈرىمەن.

**توختاخۇن جانباز:** چاڭ ئۇستام، سىز ھازىر نەچچە ياشتا؟

**چاڭ:** مەن ھازىر ئوتتۇز ياشتا.

**توختاخۇن:** مەنمۇ ئوتتۇز ياش.

**چاڭ:** «مىنگو»نىڭ بىرىنچى يىلى ئىككىمىز لا ئوتتۇز ياشتا ئىكەنمىز.

ئىككىسى يەنە كۈلۈشىدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** چاڭ ئۇستام، ھازىر سىزنى تونىدىغان ئەمەلدارلارمۇ يوق، تۆت يىل بۇرۇن ماڭا ئۆگىتىپ قويماقچى بولغان «لاچىن قانات» ماھارىتىنى بىر ئويناپ كۆرسىتىپ قويمامسىز.

**چاڭ:** مەن مەشىق قىلماي يۈرۈپ، ئۇنتۇپ قالاي

دېدىم، ھازىر سىز جانبازلارنىڭ چوڭ ئەربابى، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۇنى ئوينىسام ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

ھەر ئىككىسىلا كۈلۈشىدۇ.

**چاڭ:** يې جەنجاڭنىڭ ئۆيىدە كىتابلىرى جىق ئىكەن، ئۇ بىلىملىك ئادەمدەك قىلىدۇ. شۇەنتۇڭ خاننىڭ ئۈچ ياشتا جۇڭگوغا پادىشاھ بولغانلىقىنى، ئالتە ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا ئاغدۇرۇلغانلىقىنى بىلىدىكەن. ئۇ يەنە مىنگو توغرىسىدا، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگودا پادىشاھلىق تۈزۈم بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. شۇنداق تۇرسا ئۇنى يەنە نېمىشقا جەنجاڭ (كىگىزچى ئۇستام) دەيسىلەر؟

**توختاخۇن جانباز:** مەنمۇ بۇنى يېقىندىلا ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىلدىم، ئەسلى ئىسمى يې چۈەنچاڭ ئىكەن. ياش ۋاقتىدا كىگىزچىلىك قىلىپ داڭ چىقىرىپ، يې جەنجاڭ، يەنى يې «كىگىزچى ئۇستام» دەپ ئاتالغانىكەن. قېرىغاندا بۇتخانىغا ياردەملىشىپ راھىب بوپتۇ. شۇڭا ئۇنى يې راھىب دەپمۇ قويىدۇ. ھازىر ئۇنى يې چۈەنچاڭ دېسە ئۇيغۇرلار تۇرماق، كۆپلىگەن خەنزۇلارمۇ بىلمەيدۇ.



# 16

يىگىرمە يىلدىن كېيىن.

ئېكراندا «1932 ـ يىل باش كۈز» دېگەن خەت كۆرۈندۇ. 1 ـ كۆرۈنۈشتىكى قايناق بازار. لېكىن، بۇ يەردە سېپىل، توختاخۇن جانبازنىڭ، ھىدايىتۇللا خەلپەتنىڭ، نىزامىدىن جانبازلارنىڭ سۈرەتلىرى ھەم قۇم مۇجۇۋاتقان، چىۋىن تۇتۇۋاتقان ۋە باشقا جانبازلىق كۆرۈنۈشلىرى كۆرۈنمەيدۇ. پەقەتلا بازار تەپسىلىي كۆرسىتىلىدۇ.

ھېيتاخۇن زاسۇيچى ھېلىقى ئىككى كۈپلېت قوشاقنىڭ ئاخىرىنى «يېمەكلىرى ناۋاتتۇر» دەپ تۈرۈشنى بازاردا پاتىپاراقچىلىق بولىدۇ. غەربىي قوۋۇق تەرەپتىن ئۈركۈپ كەتكەن بىر ئات ھارۋىنى ئەپقېچىپ ئۈدۈل كەلگەن ئادەم ۋە نەرسىلەرنى سوقۇپ ـ چەيلەپ شىددەت بىلەن چېپىپ كېلىدۇ. ئەگەر بۇ ئات شۇ چاپقانچە لىخاجەنزە بازىرىغا كىرىپ قالسا تېخىمۇ كۆپ ئادەم ۋە نەرسىلەرگە خەۋپ يېتىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. مانا شۇنداق جىددىي پەيتتە توختاخۇن جانباز پەيدا بولىدۇ ـ دە، ئاتنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئالقىنى بىلەن ئاتنىڭ پېشانىسىگە قاتتىق ئۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئالقىنى

ئاتنىڭ باش سۆڭەكلىرىنى سۇندۇرۇپ، ئات يىقىلىدۇ ــ ده، پىچاقتىمۇ ئۇلگۇرمەي ئۆلىدۇ. بازاردىكىلەر خەتەردىن قۇتۇلىدۇ. مىڭلىغان كىشىلەر چۇقان ــ سۈرەن سېلىشىپ توختاخۇن جانبازنى ئۇزۇنغىچە مەدھىيىلىشىدۇ. تۇشمۇتۇشتىن: «خۇدا رەھمەت قىلسۇن، سالامەت بولغايلا، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەيلا» دەپ تۆۋلىشىدۇ.

ھېيتاخۇن زاسۇيچىمۇ بازارنى ماختايدىغان قوشاقلىرىنى توختىتىپ توختاخۇن جانبازنى مەدھىيەلەيدىغان قوشاقلارنى ئېيتقىلى تۇرىدۇ:

باتۇر جانباز توختاخۇن،
توسۇۋالدى ئاپەتنى.
ئاتا قىپتۇ ھەق ئىگەم
ئاڭا قۇۋۋەت، ئامەتنى.


ئون ئىككى ئاي ئىچىدە،
تولمايدىغان ئاي بولماس.
بۇ يۇرتلاردا جانبازلار،
توختاخۇنغا تەڭ بولماس.

كېچىلەرنى يورۇتقان،
ئاسماندىكى ئاي نۇرى.
ئەلگە پىدا توختاخۇن،
جانبازلارنىڭ باتۇرى.

توختاخۇنىڭ مۇشتۇمى،
تاشتىن قاتتىق مىڭ پاتمان.
بىر مۇشت ئۇرسا بىر چوڭ ئات،
ئۆلۈپ قالدى شۇ ھامان.

ھەرىكەتلەنسە قول - پۇتى،
بوران تەۋرەپ كېتىدۇ.
شۇ بوراننىڭ ئاۋازى،
ھەممە يۇرتقا يېتىدۇ.

كىشىلەر قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بۇ قوشاقچىغا مەمنۇن بولۇپ، «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەيلا» دېيىشىدۇ.



# 17

توختاخۇن جانباز يىقىنلىرىدىن ئون نەچچە ئادەمنى ئۆيىگە چاقىرىدۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقاندا كونا شاگىرتلىرىدىن ھەسەن بىلەن داۋۇت «جاقىقاجۇمبۇر ـ جاق» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇسسۇلنى تازا بېرىلىپ ئوينايدۇ. بۇ پەقەت داپلا چېلىنىپ ئىككى كىشى ئوينايدىغان كۈچ ھەم چاققانلىق تەلەپ قىلىدىغان ئۇسسۇل بولغاچقا، ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدىن تەر قۇيۇلىدۇ. داپنى يەتمىش نەچچە ياشلىق ئىلاخۇن بوۋاي[1] چالىدۇ. ئۇسسۇل بىرپەس داۋام قىلىپ ئاخىرلىشىدۇ. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى «بارىكاللا، رەھمەت» دەپ توۋلىشىدۇ.

**شاۋدۇن ئەپەندى:** ئىلاخۇن ئاكا، بۇ ئۇسسۇل جانبازلارنىڭ مۇشتىۋازلىق ماھارىتىگە ئوخشاپ قالىدىكەن، شۇنداقمۇ؟

**ئىلاخۇن:** گەپنىڭ ئىچىدە گەپ بار، مەن توختاخۇننىڭ ئاتىسى گۆھەرىدىنئاخۇن بىلەن تەڭتۇش. بۇنىڭدىن قىرىق نەچچە يىللار ئىلگىرى گۇچۇڭ سېپىلى بەزىدە توختاپ قېلىپ، بەزىدە يەنە داۋام قىلىپ

[1] ئىلاخۇن بوۋاي ـــ گۇچۇڭدا ئۆتكەن ئۆمۈر چولپىنى. 1975 ـ يىلى 119 يېشىدا ۋاپات بولغان، بىر كۆزى ئاجىز.

سوقۇلۇۋاتاتتى. شۇ چاغدا مەن، گۆھەرىدىنئاخۇن، ئەسلا بەگ ئۈچىمىز ھاشارغا تۇتۇلۇپ سېپىل سوقۇۋاتقان. ئەسلا بەگ پىچان لۈكچۈندىكى ۋاڭ ئوردىسى تەرىپىدىن جازالىنىپ گۈچۈڭغا كېلىپ قالغانىكەن. ئۇ بەگ جەمەتىدىن بولغاچقا، ئىسمىمۇ ئەسلا بەگ ئىكەن. ئۇ ئوقۇمۇشلۇق ھەم جانبازلىقنى بىلىدىغان، ئۇسسۇلغا ئۇستا بولغاچقا تېزلا ھاشارچىلار بىلەن دوست بولۇپ كەتتى. گۆھەرىدىنئاخۇن چېلىشچى بولغاچقا، ئۇنىڭ جانبازلىقىغا قىزىقىپ شۇنى ئۆگەندى. مەن داپ چالالايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىن «جاققاجۇمبۇر ـ جاق» ئۇسسۇلىنى ئۆگەندىم. ھاشارغا ئىشلىسە ھۆكۈمەت ھەق بەرمىگەچكە، ئۆزىمىزنىڭ ھاشار مۇددىتى توشسا، باشقىلارنىڭ ئادىمى قاتارىدا ئۇلاردىن ھەق ئېلىپ، بىرنەچچە يىل داۋاملىق سېپىل سوقتۇق. ھاشارچىلار دەم ئالغاندا ئەسلا بەگ بىلەن گۆھەرىدىنئاخۇن جانبازلىق ماھارىتى كۆرسەتسە، مەن ئەسلا بەگ بىلەن «جاققا جۇمبۇر ـ جاق»نى ئويناپ ئۇلارنى تازا خۇش قىلاتتۇق. ئەسلا بەگ موللا زەيدىن بىلەنمۇ ئۇلپەتداش بولغانىكەن، شۇڭا ھەمىشە موللا زەيدىننىڭ قىزىق گەپلىرىنى قىلىپ بېرىپ بىزنى تازا كۇلدۇرەتتى. بەزى ئاخشاملىرى «تاھىر ـ زۆھرە»، «غېرىب ـ سەنەم»نىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ بىزنى تازا ھەيران قالدۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن گۆھەردىنئاخۇن ئىككىمىز ئۇنىڭدىن خەت يېزىشنى ئۆگەندۇق. گۆھەرىدىنئاخۇن زېرەك بولغاچقا، تېزلا ئۆگىنىۋالدى. مەن بىر تەرەپتىن ئۆگەنسەم، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنتۇپ تۇردۇم. لېكىن ئۇسسۇلنى ياخشى

ئۆگەندىم، باشقىلارغىمۇ ئۆگەتتىم. بۇ ئۇسسۇل بۇ يەردىمۇ بار ئىدى، لېكىن ئەسلا بەگ ئوينىغاندەك ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئەسلا بەگنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قەدىمكى زامان ئۇرۇشلىرىدىن ھازىرقى جانبازلىق كېلىپ چىققان، جانبازلىقتىن «جاققاجۇمبۇر ـ جاق» ئۇسسۇلى پەيدا بولغانىكەن، كېيىنچە، «جاققاجۇمبۇر ـ جاق»نىڭ مەزمۇنى كېڭىيىپ، نەپىسلىشىپ «نازىركوم ئۇسسۇلى» بارلىققا كەلگەنىكەن. «جاققاجۇمبۇر ـ جاق»نىڭ سۆز مەنىسى يوق، بۇ پەقەتلا ئۇسسۇلدىكى مۇشت ئېتىشقاندەك ھەرىكەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇسسۇلغا قويۇلغان ئىملىق ئىسىم. بۇ ھەقىقەتەن مۇشتۋازلىق ئۇسسۇلى، شۇڭا بۇ ئۇسسۇلنى لۇكچۇندە «جانبازلىق ئۇسسۇلى» دەپ ئاتىغانلارمۇ بولغانىكەن. «جاققاجۇمبۇر ـ جاق، جاققاجۇمبۇر ـ جاق» دەپ ئاغزىمىزدا تېز ـ تېز تەكرارلىساقمۇ، رىتىم پەيدا بولۇپ، داپ چالمايمۇ بۇ ئۇسسۇلنى ئوينىغىلى بولىدۇ.

بۇ گەپلەرنى مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ ھەم «ئېلاخۇن بوۋا، سالامەت بولغايلا!» دېيىشىپ كېتىدۇ.

**كونا شاگىرت ھەسەن:** بۇنىڭدىن قىرىق نەچچە يىل ئىلگىرى گۇچۇڭدا سېپىل يوق ئىدى، ئۇنداقتا شەھەر بارمىدى؟ داۋامەت ئەپەندىم، سىز دەپ بېقىڭا.

**داۋامەت ئەپەندى:** سېپىل بولمىغان بىلەن شەھەر بولغان، مىڭ يىل بۇرۇنقى سېپىلى بار شەھەرلەر ۋەيران بولغان. بۇنى مەنمۇ جىق بىلمەيمەن. ھازىرقى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ يۇقىرىسىدىكى بۇلاقلاردىن باشلانغان

«توگمەنبېشى دەرياسى» قەدىمكى زاماندا «ئابدارتۇرا دەرياسى» دەپ ئاتالغانىكەن. «ئابدار» سۆزى قەدىمكى تىلىمىزدا چوڭ سۇ ياكى كۆپ سۇ دېگەنلىك ئىكەن. «تۇرا» بولسا ئېقىن بويىغا سېلىنغان تۇر، يەنى قورغان ئىكەن. بۇ تۇرنىڭ يېنىغا كىشىلەر بارا ـ بارا كۆچۈپ كېلىپ بىر بازار پەيدا بولۇپ، ئىسمى تۇرا دەپ ئاتىلىپتۇ، مانا بۇ ئەڭ دەسلەپكى گۇچۇڭ. بىر زامانلار ئۆتۈپ بۇ تۇرا شەھىرى چاغاتاي جەمەتى دەۋرىدە بولغان ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە، يەنى 1417 ـ يىلى ۋەيران بولۇپتۇ، ئاھالىسىمۇ باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىپتۇ، ناھايىتى ئاز قالغان بىر قىسىم كىشىلەر ۋەيران بولغان شەھەرنىڭ يېنىغا بىر مەھەللە قۇرۇپ، داۋاملىق تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. ئۇلار خاراب بولغان شەھەرنى تۇرا دېمەي، «ئەسكى ھىسار» دەيدىغان بوپتۇ (ھىسار قەدىمكى تىلىمىزدا سېپىل، شەھەر دېگەنلىك ئىكەن). يەنە بىر زامانلار ئۆتكەندە بۇ يەرگە مانجۇ چېرىكلىرى كېلىپ ئورۇنلىشىپ، بۇ خاراب بولغان شەھەرنى يەرلىكلەر «ئەسكى ھىسار» دېگەنگە ئوخشاش گۇچېڭ (قەدىمكى شەھەر) دەپ ئاتاپتۇ. يەرلىكلەرمۇ بارا ـ بارا «گۇچېڭ»نى ئۆز تىلىغا بېقىندۇرۇپ، گۇچۇڭ دەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. 1886 ـ يىللىرى ھازىر ئېلاخۇن ئاكام «سوقتۇق» دېگەن سېپىل پۈتۈپتۇ، ئاندىن يامۇللار سېلىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، 1889 ـ يىلى يامۇل چىتەيدىن گۇچۇڭغا كۆچۈپ كەلگەن بولسىمۇ گۇچېڭ ناھىيەسى دېمەي، يەنىلا چىتەي ناھىيەسى دەۋەرگەن.

بۇرۇنقى چىتەي لاۋ چىتەي ئاتالغان، يەرلىكلەر ئادىتى بويىچە گۇچۇڭ دەۋەرگەن. موڭغۇللار ئەينى چاغدىلا «تۇرا» شەھىرىنىڭ نامىنى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ «چونجا» دەپ ئاتىغان. هازىرمۇ «چونجا» دەيدۇ. «چونجا»نىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى «تۇرا، قورغان»، خەنزۇچە مەنىسى پوتەي.

مېھمانلار بۇ گەپلەرنى تېخىمۇ دىققەت بىلەن ئاڭلايدۇ. بۇ چاغدا ئېلاخۇن بوۋاي يەنە گەپ باشلايدۇ.

**ئېلاخۇن بوۋاي:** گۆھەرىدىنئاخۇنىنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋىلىرى ئاشۇ قەدىمكى تۇرا شەھىرىنىڭ پۇقرالىرى بولۇپ، يىلتىزىدىنلا گۇچۇڭلۇق ئىكەن. كېيىن هۆكۈمەت ھەم ئەسكەرلەرگە ئاشلىق لازىم بولغانلىقتىن، بۇ يەرگە باشقا جايلاردىن دېھقانچىلىق قىلىشقا كۆپلەپ ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. كۆچۈرۈپ كېلىنگەن دېھقانلارنىڭ سانى يەرلىكلەردىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەچكە، يەرلىك ئادەم يوقتەكلا بولۇپ قالغان. گۆھەرىدىن جەمەتىدىكىلەر پىچاندىن كۆچۈپ كەلگەنلەر بىلەن كۆپرەك قۇدا ـ باجا بولۇشقان بولغاچقا، نەچچە ئەۋلاد ئۆتۈپ پىچانلىقتەكلا بولۇپ قالغانىكەن.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە توختاخۇن جانباز سۆز قىستۇرىدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** ئېلاخۇن بوۋامنىڭ دېگەنلىرى راست، ئاتام بىزگىمۇ بۇ گەپلەرنى دەپ بەرگەن. ئاتام يەنە ئۇيغۇر جانبازلارنىڭ بوۋىسى ــ مىڭ يىل بۇرۇن

ئۆتكەن شامىل جانبازنىڭ[1] ئىشلىرىنىمۇ دەپ بەرگەن. شامىل جانباز كۆلىيغا بىرىپمۇ داڭ چىقارغانىكەن. كۆلىيدىكىلەر ئۇنىڭ ماھارىتىنى «چاچۇەن» دەپ ئاتاپتۇ. «چاچۇەن» مۇشتىۋازلىقنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ھازىرمۇ شەندۇڭ، خېنەنلەردە بىر تۈرلۈك مەزھەپ بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ.

مېھمانلار بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىر - بىرىگە قارىشىپ مەمنۇن بولۇشىدۇ، ئاندىن كونا شاگىرت داۋۇت گەپ باشلايدۇ.

**داۋۇت:** بىز مىڭ يىل داۋام قىلغان جانبازلىقنى يەنىمۇ داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. مەن توختاخۇن ئۇستامنىڭ قىزىق بىر چارىسىنى دەپ بېرەي: بۇنىڭدىن يىگىرمە تۆت يىل ئىلگىرى ھەسەن ئىككىمىز ئون بەش ياشلاردا ئىدۇق. تۇرپاندىن جانبازلىقنى ئۆگىنىمىز، دەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇستام گەپ قىلماستىنلا بىزنى باشلاپ بېرىپ سودىگەرلەرنىڭ مال قويغان ئامبارلىرىنى كۆرسەتتى ۋە: «سىلەر بۇ ماللارنى كېچە - كۈندۈز كۈزەت قىلىپ ساقلايسىلەر، ئوغرىلار يېقىن كېلەلمەيدۇ. لېكىن ھازىر چاشقان كۆپ ماللارنى غاجىلاپ كاردىن چىقارماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ بىرىڭلار بىر خۇرجۇندىن تاشنى مۈرەڭلەرگە ئارتىپ، چاشقان كۆرۈنگەن ھامان تاش ئېتىپ ئۆلتۈرۈڭلار» دېدى. بىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدۇق،

---

① «مىڭ يىل بۇرۇنقى شامىل جانباز توغرىسىدا»، خەلق تەنتەربىيە نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشر قىلغان «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيەسى» ناملىق كىتابنىڭ 90 - بېتىگە قارالسۇن.

«ئۇستام، بىزگە جانبازلىقنى ئۆگەتمەمسىز» دېۋىدۇق، ئۇستام: «مەن دېگەن ئىشنى قىلساڭلار پايدىسىنى كېيىن بىلىسىلەر، بۇ ئىشتىن ئۆزۈڭلەرگىمۇ كىرىم بولىدۇ» دېدى. بىز بۇ گەپتىن «جانبازلىقنى كېيىن ئۆگىتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز تاش ئېتىپ چاشقان ئۆلتۈرۈشنى باشلىۋەتتۇق. ۋاقىت ئۆتكەنچە پۇت - قول، كۆزلىرىمىزمۇ چاققان بولۇپ كەتتى. چاشقان ھەرقانچە تېز قاچسىمۇ كۆرۈۋالىدىغان، تاش ئېتىپ ئۆلتۈرەلەيدىغان بولدۇق ھەم بۇ ئىشقا بارغانچە قىزىقىپ قالدۇق. ھەر كۈنى نەچچە يۈزلەپ چاشقان ئۆلۈپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ بىرەر يىل ئۆتكەندە چاشقانلا ئەمەس، ئاسماندا پەسرەك ئۇچۇپ يۈرگەن قاغا، قۇشقاچلارنىمۇ تاش ئېتىپ ئۆلتۈرەلەيدىغان بولدۇق. ئامبارلاردىكى مال چاشقان ھەم قاغا - قۇزغۇنلارنىڭ زىيىنىدىن قۇتۇلدى. سودىگەرلەر خۇش بولۇپ ئىش ھەققىمىزنى كۆپەيتتى ھەم ھەر دائىم مۇشۇنداق ياردەملىشىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ تۇرمۇشىمىز ياخشى بولۇپ كەتتى. ئۇستام دېگەندەك چاشقان ئۆلتۈرۈشنىڭ پايدىسىنى كۆردۇق. بۇ چاغدا ئۇستام: «ئەمدى سىلەر بىردىن ماھارەت ئۆگەنگەن جانباز بولۇپ قالدىڭلار، مېنىڭ بىلىشىمچە، سىلەر شاگىرتلاردىن نەيزىۋازلىقنىمۇ ئۆزلۈكۈڭلاردىن ئۆگەندىڭلارغۇ دەيمەن» دېدى. بىز ھەيران بولۇپ: «نەچچە ۋاقىتتىن بېرى چاشقان ئۆلتۈردۇق، جانبازلىقنى ئەمدى ئۆگىتەرمىكىن دەپ تۇراتتۇق، لېكىن سىز ئۆگىنىپ بولغانلىقىمىزنى دەۋاتىسىزغۇ؟» دېدۇق. ئۇستام بىرھازا

كۈلۈپ كېتىپ: «ھەمدۇللا چىۋىن تۇتۇپ، ئۆزىنى قوغدايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيۋاتىدۇ. سىلەرمۇ تاش ئېتىپ چاشقان ئۆلتۈرۈپ يۈرۈپ، باشقىلارغا ئۇنۇملۇك ھۇجۇم قىلالايدىغان بولۇپ قالغانلىقىڭلارنى بىلەلمەيۋاتىسىلەر، ئالدىمىزدىكى نورۇز كۈنى ھەممىڭلار جانباز بولۇپ قالغانلىقىڭلارنى بىلىپ قالىسىلەر» دېدى. دېگەندەك، نورۇز كۈنى خەلقئالەم ئالدىدا ماھارەت كۆرسىتىپ ئالقىشلاندۇق. جانباز بولۇپ قالغانلىقىمىزنىمۇ بىلدۇق. ئۇستامنىڭ بىزنى ئاشۇنداق باش قاتۇرۇپ تەربىيىلىگەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇمىز كەلمەي، گۇچۇڭدا ئولتۇراقلىشىپ قالدۇق. توختاخۇن ئۇستام ئاشۇ مىڭ يىل بۇرۇنقى بوۋىمىز شامىل جانبازنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى، ھازىرقى جانبازلارنىڭ كۆيۈمچان ئۇستازى. توختاخۇن ئۇستامنىڭ چىۋىن تۇتقۇزۇش، چاشقان ئۆلتۈرگۈزۈش تەدبىرلىرى تۇرمۇشقا ھەم جانباز بولۇشقا ئىككى تەرەپتىن پايدا بەردى.



توختاخۇن جانبازنىڭ شاگىرتى

ھىدايتۇللا خەلپەت جانباز

# 18

خامان، بوٰغداي باغلىرى تىزىلغان، سامانلار دۆۋىلەنگەن، تەييارلانغان چەش چىرايلىق كۆروٰنوٰپ توٰرىدوٰ. بىرنەچچە ئادەم پايخاننى سوٰپوٰروٰپ توٰرىدوٰ.

توختاخوٰن جانباز خاماننىڭ ئىگىسى بولغان ئاغىنىسى سەمەتكە ياردەملىشىپ، توٰلوٰقنىڭ جازىسىنى ئوڭشاپ توٰرىدوٰ.

**توختاخوٰن جانباز:** هەي سەمىتاخوٰن! توٰلوٰقوٰڭموٰ ئوڭشالدى، يەنە نىمە ئىش بار؟

توختاخوٰن سۆزلەپ توٰروٰشىغا بىر ئاتلىق ئادەم يېقىنلاپ كېلىپ سالاملىشىدوٰ.

**ئاتلىق ئادەم:** مەن قاراشەهەردىن كەلدىم، توختاخوٰن جانبازنى ئىزدەپ - سوراپ بوٰ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

**سەمەت:** بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

ئاتلىق ئادەم: مەنموٰ جانبازلىقنى ئۆگەنگەن، توختاخوٰن خالىسا ئوٰنىڭدىن تەلىم ئالاي دەپ كەلگەن.

بوٰ چاغدا توختاخوٰن جانباز ئالدىدا توٰرغان توٰلوٰقنى ئېگىز كۆتوٰروٰپ، خوٰددى تاياقنى هەرىكەتلەندوٰرگەندەك يەڭگىل هەرىكەتلەندوٰروٰپ، «توختاخوٰن جانبازنىڭ ئۆيى ئاۋوٰ شوٰ، ئوٰ شوٰ ئۆيدە، بىز ئوٰنىڭ شاگىرتلىرى» دەيدوٰ.

بۇ چاغدا ئاتلىقمۇ بوش كەلمەي، يېنىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ بىلەكتەك تومۇلۇقتىكى شېخىنى «قارس» قىلىپ سۇندۇرۇپلا: «ھە... ئاۋۇ ئۆينى دەمسىز ياكى ماۋۇ ئۆينى دەمسىز؟» دەپ ئۆي يوق ئىككى تەرەپكە قارىتىپ ھەرىكەتلەندۈردى. بۇ چاغدا توختاخۇن جانباز ئۆزىگە جاۋابەن قىلغان بۇ ئىشنى كۆرۈپ، بۇ ئادەمنىڭمۇ جانباز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ ـ دە، دەرھاللا ئالدىدىكى تۇلۇقنى ئوڭ قولىدا كۆتۈرۈپ ئۆي يوق تەرەپلەرگە قارىتىپ: «ئاۋۇ ئۆي توختاخۇن جانبازنىڭ چوڭ ئوغلى نىزامىدىن جانبازنىڭ ئۆيى» دەپ بولۇپ تۇلۇقنى سول قولىغا يۆتكەپ: «ئاۋۇ ئىككىنچى ئوغلى شاھىدىن جانبازنىڭ ئۆيى»، يەنە تۇلۇقنى ئوڭ قولىغا يۆتكەپ: «ئاۋۇ ئۈچىنچى ئوغلى غەۋسىدىن جانبازنىڭ ئۆيى» دەيدۇ. ئاندىن تۇلۇقنى سول قولىغا يۆتكەپ، «ئاۋۇ تۆتىنچى ئوغلى مۇئەززىدىن جانبازنىڭ ئۆيى» دەپ، تۇلۇقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «شاگىرتى ھىدايىتۇللا خەلپەتنىڭ ئۆيى ئاۋۇ يەردە» دەپ ئاسماننى كۆرسىتىدۇ. ئاندىن يەنە «ئاۋۇ شەھەر ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى توختاخۇن جانبازنىڭ شاگىرتلىرى» دەپ بولۇپ تۇلۇقنى يەرگە قويىدۇ.

ئاتلىق ھەيران بولۇپ، خامانىدىكىلەرگە: «گۇچۇڭلۇقنىڭ ھەممىسى جانباز دېگەن گەپ راست ئىكەن، ھېلىمۇ توختاخۇن جانبازغا ئۇچراپ قالماپتىمەن، توختاخۇن جانباز بىلەن كۆرۈشمەن دەپ، ئۆزۈمنى چاغلىماپتىمەن، شاگىرتى بۇنچىلىك بولسا ئۆزى قانچىلىكتۇ ـ ھە!» دەپ قويۇپ ئېتىنى

يورغىلاتقىنىچە كېتىپ قالىدۇ. خاماندىكىلەر: «بۇمۇ ياخشى ئادەم ئوخشايدۇ» دېيىشىپ كۈلۈشىدۇ.

بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان خوتەنلىك شاگىرت مەتتوختى توختاخۇن جانبازنىڭ يېنىغا كېلىدۇ.

**مەتتوختى:** ئۇستام، داۋامەت ئەپەندى، شاۋدۇن ئەپەندىلەر سىزنى ئىزدەپ كەپتۇ، مېنى سىزنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. سىز بىلەن خوشلىشىمىز، دەيدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** نېمىگە خوشلىشىدىكەن؟

**مەتتوختى:** ئۇلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ھۆكۈمەت «گۈلشەن» مەكتەپنى تاقاپتۇ، ئەمدى ئۇ ئەپەندىلەر باشقا يۇرتقا كېتىدىكەن.

**توختاخۇن جانباز:** يۇر! ئەمىسە ماڭايلى.



# 19

ئۇلار خاماندىن بازارغا كىرىپ چوڭ كوچىغا كەلگەندە مەتتوختى: «ئۇستام، ئۆيگە داۋامەت ئەپەندى بىلەن شاۋدۇن ئەپەندى سىزنى ئىزدەپ كىرىشتىن بۇرۇن، بىر خەنزۇ كېلىپ: ‹مەنمۇ جانباز، توختاخۇن بىلەن سىنىشىپ باقاي دەپ كەلگەنىدىم› دېدى. بىز سىزنىڭ ئۆيدە يوق ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ ئاشخانا ئۆينىڭ تېمىغا بىر مۇشت ئۇرۇپ، تامنى تېشىۋەتتى ـ دە، ‹مېنىڭ ئىسمىم جىن شۆتىڭ، ئۇرۇمچىدىن كەلدىم. گەنسۇلۇق لىجەنكۇينىڭ سارىيىغا چۇشتۇم› دەپ كېتىپ قالدى» دەيدۇ. توختاخۇن جانباز: «ئۇنداق قىلغان ھەم شۇنداق دېگەن بولسا ئۇ مەرد ئادەم ئىكەن. لى جەنكۇينىڭ سارىيى ماۋۇ شۇ. ھېلىقى جانباز بىلەن كۆرۇشۇپ باقايلى» دەپ ياندىكى بىر چوڭ قورۇغا كىرىدۇ.

# 20

لى جەنكۇي «تاچاڭ زىدى توختى» دەپ قارشى ئېلىپ، ئۇلارنى چوڭ بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. توختاخۇن جانباز تۆردىكى تام تۇۋىگە قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ. لى جەنكۇي: رەۋەندىلەر (ئېشەك كارۋانلىرى) بۇگۇن ئەتىگەن تۇرپاندىن ئېلىپ چىققان ئۇزۇمنى يەپ بېقىڭلار» دەپ بىر لېگەن ھۆل ئۇزۇمنى ئۇستەل ئۇستىگە قويىدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** جىن شۆتىڭ قېنى؟ ئۇ مەن يوق چاغدا مېنى ئىزدەپ ئۆيگە بېرىپتۇ.

**لى جەنكۇي:** ئۇ ئاخىرى بېرىپتۇ ـ دە، مەن ئۇنىڭغا سەن توختاخۇنغا تەڭ كېلەلمەيسەن، دېسەم ئۇنىماي، سىز بىلەن كۆرۇشمەن دەپ كەتكەن. تېخى كەلمىدى.

توختاخۇن جانباز: «ئۇ كەلسە مەن يوق. مەن كەلسەم ئۇ يوق. ھەي...» دېگىنىچە ئارقىسىغا غادىيىپ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۇكىگە ئۆزىنى ئۇرىدۇ، شۇئان ئۇنىڭ بېشى كەينىدىكى تامغا تېگىپ، تامنىڭ ئۇچ كېسەكى ئاجراپ چىقىپ تام تېشىلىپ كېتىدۇ. لى جەنكۇي چۆچۇپ كېتىپ، «بېشىڭىز ئاغرىپ كەتكەندۇ، قانداق قىلىمىز» دەيدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** بۇنچىلىك ئىشقا بېشىم ئاغرىپ

كەتسە، مېنى ھېچكىم جانباز دېمەيتتى. لى جەنكۇي، بۇ ئۆيىنىڭ تورۇسى سامان قەغەزدە چاپلانغانمۇ؟

**لى جەنكۇي:** شۇنداق، نەچچە قات قىلىپ سامان قەغەز چاپلانغان.

تۇختاخۇن جانباز: «جىن شۆتىڭ بۇنىمۇ كۆرۈپ قويسۇن» دەيدۇ ـ دە، پەگاھقا قويۇلغان ئىدىشتىن ئاققان سۇدا پەيدا بولغان پاتقاقتا دەسسەيدۇ. ئاندىن بىر مولـلاق ئېتىپ تورۇسقا ئىككى پۇتىنىڭ ئىزىنى چىقىرىپ قويىدۇ.

**لى جەنكۇي:** شۇنداق نېپىز قەغەزنى يىرتىۋەتمەستىن، ئۇنىڭغا ئىزىڭىزنى ئېنىق چىقىرىپ قويدىڭىز. بۇنداق ماھارەتنى مەن كۆرۈش تۇگۇل، ئاڭلاپمۇ باقمىغان.

**تۇختاخۇن جانباز:** سىز جىن شۆتىڭ بىلەن كونا تونۇش ئوخشىمامسىز؟

**لى جەنكۇي:** شۇنداق، ئىككىمىز لا گەنسۇنىڭ خېجۇ دېگەن يېرىدىن. ئەسكەرلىككە تەڭ تۇتۇلۇپ، ئاتلىق قىسىمدا تۇرغان. ئەسكەر ئىچىدىكى ناھەقچىلىكنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەسكەرلەر قېچىپ تۇرىدىكەن. بىز ئىككىمىزمۇ قاچتۇق. يۇرتىمىزغا بارساق تۇتۇلۇپ قالىمىز، دەپ شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ، مەن چىتەيدە، ئۇ ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالدۇق. جىن شۆتىڭ جانبازلىقنى كىچىكىدە خېجۇدا ئۆگەنگەن. كېيىن ئۈرۈمچىدىمۇ ئۆگىنىپتۇ. ئۇ ئاتلىق قىسىمدا تۇرغاندا ئاتلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاشنى قىسىمدىكى مال دوختۇرلىرىدىن ئۆگىنىۋالغان. ھازىر ئۈرۈمچىدىمۇ شۇ ئىشنى قىلىدىكەن. ئات، تۆگىلەرنىڭ كېسىلىگە پايدا قىلىدىغان

رەۋەن ئۈسۈملۈكى گۈچۈڭدا كۆپ بولغاچقا، ئۇ ھەر يىلى رەۋەن ئالغىلى كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشۈپ تۇردۇ.

**توختاخۇن جانباز:** ھازىرقى ئۆلكە رەئىسى جىن شۇرېنمۇ[1] گەنسۇلۇق ئىكەن. ئۇ گەنسۇلۇقلارغا پايدا يەتكۈزۈۋېتىپتۇ. سىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىدىڭىزمۇ؟

**لى جەنكۇي:** جىن شۇرېنمۇ گەنسۇ خېجۇلۇق بولۇپ، بىز بىلەن بىر يەردىن. تېخى جىن شۆتىڭنىڭ فامىلىسىمۇ ئۇنىڭ فامىلىسى بىلەن ئوخشاش. ئەگەر بىز ئۇنى ئىزدەپ بارغان بولساق ئەلۋەتتە پايدىسى تېگەتتى. لېكىن، بىز ئۇنداق قىلمىدۇق. سەۋەبى، جىن شۇرېن مەنسەپكە ئولتۇرۇپلا يۇرتۋازلىق قىلدى. بولۇپمۇ قۇمۇلدىكى ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى ليۇ شىزىڭ ھەم باشقا ئوفىتسېرلارنىڭ كۆپچىلىكى گەنسۇلۇق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ خالىغانچە ئىش قىلىشىغا يول قويىدى. ئۇلار خەلقنى بۇلاپ ــ تالىدى. جىن شۇرېن ئۆزىمۇ كۆپلەپ ئالتۇن ــ كۈمۈش توپلاشقا كىرىشىپ كەتتى. نەتىجىدە قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئاندىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىمۇ قوزغىلاڭ بولدى. ئەمەلدارلار بۇنى باھانە قىلىپ، جىن شۇرېننىڭ يۇرتۋازلىق سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېن ھوقۇقىنى يۇرگۇزەلمەس بولۇپ قالدى. جىن شۇرېن ھازىر قوزغىلاڭغا قارىغاندا

---

[1] جىن شۇرېنغا دائىر مەلۇمات شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ــ يىلى نەشر قىلغان «قۇمۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى» ناملىق كىتابنىڭ 688 ــ بېتىدىن 712 ــ بەتلىرىگىچە بولغان بايانلاردىن ئېلىندى.

ئەمەلدارلاردىن بەكرەك قورقۇپ، ئۇخلىيالماس بولۇپ قالدى. ياڭ زىڭشىڭنىمۇ قول ئاستىدىكى ئەمەلدار ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ئەمەسمۇ؟ جىن شۇرېن يا ئوقتا ئۆلىدۇ، يا قېچىپ قۇتۇلىدۇ، بولمىسا ئىستېپا بېرىدۇ. بۇرۇن ئاغدۇرۇلغان ئەمەلدارلارنىڭ تەقدىرىمۇ شۇنداق بولغان. بىز گەنسۇلۇقلار باشقىلارغا قارىغاندا جىن شۇرېننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا بەكرەك قىزىقىمىز، تېخى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇۋاتقان گەنسۇلۇقلارمۇ بار.

**توختاخۇن جانباز:** ئەمەلدارلار ئىچىدە بولۇۋاتقان جېدەلمۇ كۈچلۈك ئىكەن ـ ھە! بۇنى ئويلاپ باقماپتىمەن.

**لى جەنكۈي:** شۇنداق، جېدەل تېخى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. ئۇزاققا بارماي جىن شۇرېننى ئاغدۇرىدىغان چوڭ ئىشلار چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

**توختاخۇن جانباز:** ئۆيدە مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈپ تۇرغان مېھمانلار بار. بىز ماڭايلى. گەپلىرىڭىز توغرا، خاتىرجەم بولۇڭ!

**لى جەنكۈي:** بۈگۈن ئەتىگەن داۋامەت ئەپەندى: «ھۆكۈمەت ‹گۈلشەن› مەكتەپنى تاقىۋەتتى. ئەمدى مەن يۇرتۇم تۇرپانغا كېتىمەن» دەپ بۇ سارايدىكى ھارۋىكەشلەر بىلەن كۆرۈشتى. ھۆكۈمەتنىڭ مەكتەپنى تاقىغانلىقى خاتا بولدى. ئۇيغۇر بالىلىرىمۇ ئوقۇشى كېرەكقۇ؟ بۇنىڭغا سىزمۇ نارازى بولغانسىز؟

**توختاخۇن جانباز:** ئەلۋەتتە نارازى بولىمەن ـ دە.

**لى جەنكۈي:** ئۇنداقتا، توختاخۇن، سىز ھازىر جىن

شۇرىنغا قارشى تۇرۇۋاتقان گەنسۇلۇقلارغا ئوخشاپ قالدىڭىز.

**توختاخۇن جانباز:** ماڭا چاقچاق قىلىۋاتىسىز ـ ھە؟ لېكىن سىزمۇ ھازىر جىن شۇرېنغا قارشى تۇرۇۋاتقان قوزغىلاڭچىلارغا ئوخشاپ قالدىڭىز.

**لى جەنكۇي:** ئەسكى ئەمەلدارغا ھەممە مىللەت قارشى تۇرىدۇ.

ھەر ئىككىسىلا كۇلۇشۇپ كېتىدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** ئاشۇ داۋامەت ئەپەندى مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈپ، بىزنىڭ ئۆيدە ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ، ئەمىسە بىز ماڭدۇق.

**لى جەنكۇي:** توختاخۇن، سىز ئۆزاقتىن بۇيان شاگىرتلىرىڭىز بىلەن كۆزەتچىلىك قىلىپ، چوڭ كوچىدىكى بازارنىڭ ئامانلىقىنى، شۇنداقلا مېنىڭ سارىيىمنىڭ ئامانلىقىنىمۇ ساقلاپ كەلدىڭىز، بىز سىزدىن بەكمۇ مىننەتدار.

توختاخۇن جانباز: «مەنمۇ سودىگەر ھەم تىجارەتچىلەردىن بەكمۇ مىننەتدار» دەپ چىقىپ كېتىدۇ.

# 21

لى جەنكۇي بىلەن جىن شۆتىڭ سۆزلىشىپ تۇرىدۇ.

**لى جەنكۇي:** توختاخۇن سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ كەلگەندە بېشى تامغا تېگىپ كېتىپ تامنى تېشىپ قويدى، ئاندىن ئىككى پۇتىنى لاي قىلىپ، تورۇسنى تەپتى. لېكىن، تورۇستىكى قەغەزنى تېشىپ قويماستىن، لاي پۇتىنىڭ ئىزىنى چىقىرىپ قويدى، بۇنى جىن شۆتىڭ كۆرۈپ باقسۇن، دېدى.

**جىن شۆتىڭ:** مەن مۇشت بىلەن ئۇنىڭ تېمىنى تېشىپ قويغان بولسام، ئۇ بېشى بىلەن تامنى ئۇرۇپ تېشىپ قويۇپتۇ. ئۇ كۈچ ماھارىتى ھەم نازۇك ماھارەتلەردىمۇ قالتىس يېتىشكەن ئادەم ئىكەن. بولۇپمۇ قەغەز تورۇسنى تېشىپ قويماي، پاتقاق دەسسىگەن ئايىغىنىڭ ئىزىنى چىقىرىپ قويۇپتۇ. بۇنداق نازۇك ماھارەت پەقەت توختاخۇندىلا بار ئىكەن. مەن بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. بىراق قايىل بولماي ئامال قانچە؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەي تۇرۇپ ئېلىشتىم، ئېلىشماي تۇرۇپ يېڭىلدىم.

## 22

ئۇستاز بىلەن شاگىرت مەھەللە ئىچىدە كېتىۋاتقاندا توساتتىنلا سۇۋالمىغان بىر ئېگىز تامنىڭ كەينىدىن ناتونۇش بىر ئادەم چىقىپ، «سىز توختاخۇن جانبازغۇ دەيمەن؟ مەن باشقا يۇرتتىن سىز بىلەن سىناشقىلى كەلگەن جانباز. مۇشۇ يەردىلا سىنىشىپ باقساق» دەيدۇ. توختاخۇن جانباز «بولىدۇ» دېيىشىگىلا ناتونۇش ئادەم يېنىدىكى سۇۋالمىغان تامنىڭ بىر كېسىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۇنى توختاخۇن جانبازغا قارىتىپ ئاتىدۇ. توختاخۇن جانباز كېسەكنى چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋېلىپ يەرگە تاشلاپ قويىدۇ، ئاندىن: «سەن ماۋۇ ئىشنى كۆرۈپ، ئۆزۈڭنى دەڭسەپ باقارسەن» دەيدۇ ـ دە، تامنىڭ تۈۋىدە تۇرغان يوغان لىمنى پۇتى بىلەن بىر ئىرغىتىپ ئېگىز ئۆرلىتىدۇ. لىم سۇۋالمىغان تامنىڭ ئۇستىگە چۈشىدۇ. تام ئۆرۈلۈپ ئەتراپنى چاڭ ـ توزان قاپلاپ كېتىدۇ.

توختاخۇن جانباز شۈكلەپ قالغان ناتونۇش ئادەمگە قاراپ قويغاندىن كېيىن، شاگىرتىغا: «مەتتوختى، بۇ ئاكاڭنى ئېگىزگە ئېتىپ باق» دەيدۇ. ناتونۇش ئادەم جىم تۇرۇپ بېرىدۇ. مەتتوختى ئۇنى ئېگىزگە ئاتىدۇ. ئۇ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ ياندىكى ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە تىك

چۇشىدۇ ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ «كەچۇرۇڭلار، مەن ئەدەپسىزلىك قىپتىمەن» دەيدۇ. مەتتوختى: «كەچۇردۇق» دەيدۇ ۋە توختاخۇن جانبازغا قاراپ: «ئۇستام، سىزنىڭ داڭقىڭىز چىققانچە سىزنى ئىزدەيدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى» دەيدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** بەزى جانبازلار چوڭ مەيدانلارغا چۇشۇشتىن قورقۇپ، مۇشۇنداق خالىيراق جايلاردا تۇتۇشۇپ باقماقچى بولىدۇ. لېكىن بۇلار سىنىشىپ باقماقچى ئىكەنلىكىنى ئاشكارا دەيدىكەن. بۇگۇن ئۇچراشقان ئۇچ جانبازمۇ شۇنداق قىلدى. جانبازلىقتا مۇشۇنداق قىلىش توغرا. مەتتوختى، سەن مەن دېگەن ئىشنى قىلىۋېرىپ جانباز بولۇپ قالدىڭ جۇمۇ.



# 23

توختاخۇن جانبازنىڭ ھويلىسى. ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ كارىۋات ئۈستىگە شىرە قويۇلغان، شىرە ئۈستىدە قوغۇن - تاۋۇز تىلىنىغان، مېھمانلار ئۇلاردىن يەپ ئولتۇرىدۇ.

داۋامەت ئەپەندى، شاۋدۇن ئەپەندىلەردىن باشقا ھېلىلا كەلگەن خەنزۇ سودىگەر چىڭ يەنتيەن، خۇيزۇ سودىگەر ما زۇڭشاڭلار بار ئىدى. توختاخۇن قورۇغا كىرىپ ئۇلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ.

**چىڭ يەنتيەن:** ئالدى بىلەن سىلەر سۆزلىشەمسىلەر ياكى بىز سۆزلىشەيلىمۇ؟

**داۋامەت ئەپەندى:** سىلەر سۆزلىشىڭلار، بىزنىڭ گېپىمىز جىق.

**چىڭ يەنتيەن:** توختاخۇن، يىگىرمە نەچچە يىل بولدى، سىز شاگىرتلىرىڭىز بىلەن چوڭ كوچىدىكى ئاۋات بازارنى كېچىسى كۆزەت قىلىپ كەلدىڭىز. ئوغرىلار باشقا يەرلەردە ئوغرىلىق قىلسىمۇ، لېكىن بۇ بازاردا سىز ھەم شاگىرتلىرىڭىزدىن قورقۇپ ئوغرىلىق قىلالمايدۇ. سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى سىزدىن رازى. ئاڭلىسام بىرەيلەننىڭ بىر ھارۋا مېلىنى كىرا قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئاپارماقچى بوپسىز، مەنمۇ تۆت ھارۋا يۈكنى

ئۈرۈمچىگە ماڭدۇرماقچى ئىدىم. «يولدا بۇلاڭچى بار ئىكەن» دەيدۇ. مۇمكىن بولسا شاگىرتلىرىڭىز بىلەن مۇھاپىزەت قىلغاچ ماڭسىڭىز، ھەربىر ھارۋا ئۈچۈن ئەللىك سەردىن ئىككى يۈز سەر ھەق بېرىمەن.

**ما زۇڭشاڭ:** ئوغرى ـ بۇلاڭچىلار ساقچىلاردىن قورقمىسىمۇ، سىزدىن قورقىدۇ. مەن بەش ھارۋا ئۈن ماڭدۇرىمەن. گۈچۈڭ «ئاشلىق ئامبىرى» بولغاچقا، بۇ يەردە يۈز سەرگە ئالغان ئۈننى ئۈرۈمچىدە ئىككى يۈز سەرگە ساتقىلى بولىدۇ. مەنمۇ بىر ھارۋا ئۈچۈن ئەللىك سەردىن ئىككى يۈز ئەللىك سەر كۈمۈش ھەق بېرىمەن.

**توختاخۇن جانباز:** چاقچاقمۇ قىلدىڭلار، بىز ھېچقاچان باھا تالىشىپ باقمىغان. مەن خوتەنلىك شاگىرتىم مەتتوختى، كۇچالىق شاگىرتىم سەلەيقارى، پىچانلىق شاگىرتىم سېتنىيازلارنى ئۈرۈمچىگە ئالغاچ بېرىپ، شۇ يەردىن يۇرتىغا ئۇزىتىپ قويماقچى بولغانىدىم. بۇلارمۇ جانباز بولۇپ قالدى. ئۆزۈم قوشۇلۇپ، تۆت جانباز كېچە ـ كۈندۈز مۇھاپىزەت قىلىپ، مالنى ئۈرۈمچىگە بىخەتەر يەتكۈزەلەيمىز، ئۆگۈنلۈككە يولغا چىقايلى.

چىڭ يەنتيەن، ما زۇڭشاڭلار مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ قايتىدۇ.

**داۋامەت ئەپەندى:** توختاخۇن، سىز ھازىر بۇ يەرگە كەلگۈچە ھېلىقى سۇۋالمىغان تام يېنىدا بىر ئادەمگە ئۇچرىدىڭىزمۇ؟ ئۇ سىزنى ئىزدەپ مۇشۇ قورۇغا كەلگەن، ئۇ ئادەم «مەنمۇ جانباز، توختاخۇن جانبازنى كۆرەي دەپ كەلدىم» دېۋىدى، بىز: «يېقىن يەردە بىر

سوۋالمىغان تام بار، سىز شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسىڭىز توختاخۇن جانباز ئالدىڭىزغا كېلىدۇ» دېگەنىدۇق.

توختاخۇن جانباز: «چاقچاق بىلەن جىنىنى ئۇسسۇلغا سالالايدىغان ئادەمدە سىز. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى ئۆگزىگە تاشلاپ قويۇپ كەلدۇق» دەپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى ناتونۇش جانباز قورۇغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ توختاخۇن جانبازغا قاراپ: «مەن نامەردلىك قىلىپ سىزگە كېسەك ئېتىپ قويۇپتىمەن، سىز پۈتىڭىز بىلەن لىمنى ئاسمانغا ئېتىپ مېنى قورقۇتتىڭىز، ئاۋۇ ئۇكامىمۇ مېنى كۆتۈرۈپلا ئۆگزىگە تاشلاپ قويدى. مەن خاتالىقىم ئۈچۈن خىجىل بولۇپ جىملا تۇردۇم. ئەگەر سىزمۇ مەن ئاتقان كېسەكنى قايتۇرۇپ ماڭا ئاتقان ياكى مېنى تەپكەن بولسىڭىز ئۆلۈپ قالمىسامىمۇ، ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ يۇرتۇمغىمۇ كېتەلمەس ئىكەنمەن. كەڭ قورساق، مەرد ئۇستاز ئىكەنسىز» دەيدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** سىزنىڭ يۇرتىڭىز قەيەر؟

**ناتونۇش ئادەم:** يۇرتۇم ئۈرۈمچى، ئىسمىم قاسىم.

**توختاخۇن جانباز:** سىزمۇ تامدىن كېسەكنى سۇغۇرۇپ ئالالىغۇدەك بولغاندىكىن، ماھىر جانباز ئىكەنسىز. كېسەك ئاتقان بولسىڭىزمۇ، سىنىنىشىپ باقايلى دەپ قويۇپ ئاتتىڭىز، بۇ ئىشىڭىز يەنىلا بولىدۇ. ئەگەر ئۈرۈمچىگە قايتسىڭىز، ئۆگۈنلۈككە بىز بىللە مېڭىپ، ئوتتۇز سەر ھەق بېرىمىز، كۆزەتچىلىك قىلىدىغان ئىش بار.

**قاسىم:** بۇ ياخشى بولدى، ھەق بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

بۇ گەپلەر بولۇپ تۇرغاندا يەنە سەلەيقارىي، سېتنىياز ھەم باشقا بىرنەچچە شاگىرت مەشىقتىن چۈشۈپ، ئىككى ئەپەندىنىڭ خوشلىشىش سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ.

**داۋامەت ئەپەندى:** توختاخۇن، نەچچە كۈندىن بېرى كۆرۈشمىدۇق. ئۇلۇشكۇن ھۆكۈمەت «گۈلشەن» مەكتەپنى تاقىدى. سىرتتىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارنى «يۇرتۇڭلارغا كېتىڭلار» دېدى. «گۈلشەن» مەكتەپ قۇرۇلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان نۇرغۇن باللار بىلىم ئالغانىدى. سىزمۇ جانبازلىق دەرسى ئۆتۈپ ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆڭلىگە جانبازلىق ئۇرۇقىنى چاچقان ئىدىڭىز. ھازىر بۇ ئۇرۇقلار مېۋىگە كىرىپمۇ قالدى. «مىنگو» يېڭى قۇرۇلغان چاغلاردا ياخشى ئىدى.

**توختاخۇن جانباز:** «مەنچىڭ» خاندانلىقى شاگىرتلىرىمنى تارقىتىۋەتكەن بولسا، «مىنگو» ھۆكۈمىتى شاگىرت تەربىيەلەشكە رۇخسەت قىلغان.

**داۋامەت ئەپەندى:** ھازىر «مىنگو» «مىنگو»دەك بولماي قالدى. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى دېگەن «ئۈچ مەسلەك»نىڭ بىرىنىمۇ يولغا قويغىلى بولماي قالدى، زۇلۇم ئېغىرلاپ كەتتى. خەلققە ھوقۇق بېرىلمىدى. كۆلىيدا قوراللىق كۆرەش داۋام قىلماقتا. بۇ يەردىمۇ قومۇلدىن تارتىپ خوتەنگىچە خەلق قوزغالدى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىمۇ ئاغدۇرۇلىدۇ. مەن يۇرتۇم تۇرپانغا كەتمەكچى. بۇ يەردە مەكتەپ تاقالغان بىلەن، ئۇ يەردە تاقىلىپ قالغان مەكتەپ قايتا ئېچىلىپتۇ، ئۇ مېنىڭ ئانا مەكتىپىم.

**شاۋدۇن ئەپەندى:** شىنجاڭدا ھەممىدىن بۇرۇن بىزنىڭ

ئاتۇشتا يېڭى مەكتەپ قۇرۇلغان، ئاندىن تۇرپان ئاستانىدا قۇرۇلدى، بىز ئاشۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغان ھەم ئىشلىگەن. جاھىل كۈچلەر بىلەن ھۆكۈمەت بىرلىشىپ بۇ مەكتەپلەرنى تاقىدى، ئاندىن مەن ئاتۇشنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلدىم. داۋامەت ئەپەندى تۇرپاننى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلدى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن «گۈلشەن» مەكتەپ 1916 ـ يىلى ئېچىلدى. بۇ مەكتەپنىڭ ھەممە خىراجىتىنى خەلق ئۈستىگە ئالغان. ھۆكۈمەت بىر تىيىنمۇ بەرمەيدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، ھۆكۈمەت يەنە بۇ مەكتەپلەرگە قارشى تۇرىدۇ. بىز قەيەرگىلا بارساق بالا ئوقۇتىمىز، مەكتەپ ئاچىمىز. بېسىمدىن، قىيىنچىلىقتىن قورقمايمىز. مەنمۇ داۋامەت ئەپەندى بىلەن بىللە قايتا مەكتەپ ئېچىلغان تۇرپانغا بېرىپ، بالا ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرماقچىمەن. ئىككىمىز سىزگە خوش دېگىلى كەلدۇق.

توختاخۇن جانباز ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر كىشىلىكتىن ئۆتۈك يوللۇق تۇتىدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** ئاۋۋال بىرىڭلار بىز بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە، ئاندىن تۇرپانغا بېرىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ بېقىڭلار، ئاندىن ئائىلەڭلارنى كۆچۈرۈشنى ئويلاشمامسىلەر؟

**ئىككى ئەپەندى تەڭلا:** بىز ھەممىنى تەييارلاپ بولدۇق. بەش كۈندىن كېيىن ھارۋا بىلەن مورى ئارقىلىق ماڭىمىز، خوش ئەمىسە.

**داۋامەت ئەپەندى:** بىز بىر بالىنىڭ ساۋاتى چىقسا

خەلققە بىر بايلىق قوشۇلدى، دەپ ھېسابلايمىز. يېڭى مەكتەپلەر بارلىققا كەلگەن قىرىق نەچچە يىلدىن بېرى ھۆكۈمەت مەكتەپ تاقىسا، خەلق مەكتەپ ئېچىپ تۇردى. تەرەققىياتنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ. ھامان بىر كۈنى ھەممە مىللەت بالىلىرى ئوقۇيدىغان، خەلق خاتىرجەم بولىدىغان شارائىت بارلىققا كېلىدۇ. «گۈلشەن» مەكتەپمۇ ھازىر تاقالغىنى بىلەن كېيىن يەنە ئېچىلىدۇ.

گۆچۆڭلاردا ئىشلىدۇق،
خامانغا ئوخشاش تۈز يەردە.
كەتسەك يەنە كېلەرمىز،
ئامەت كەلگەن كۈنلەردە.

ھەممىسى كۈلۈشىدۇ.

# 24

كۈز، ئۈرۈمچى ـ گۇچۇڭ يولىدا.

ئۈرۈمچى ـ گۇچۇڭ ئارىلىقىدىكى چوڭ ھارۋا يولى. ھارۋىلار، تۆگە كارۋانلىرى ئۈزۈلمەستىن غەربكە، شەرققە ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ.

توختاخۇن جانبازلار يولغا چىققىلى ئۈچ كۈن بولغاندا پاتقاقبۇلاق (زىنچۈەنزى)غا يېقىنلىشىدۇ. بىراق گۇچۇڭ تەرەپكە ماڭغان ھارۋىلار ئۆتەلمەي توختاپ قالىدۇ. ئۈرۈمچىگە ماڭغان ھارۋىلارمۇ ئازراق مېڭىپ توختاپ قالىدۇ، ھەتتا تۆگىلەرمۇ توختاپ قالىدۇ. توختاخۇن جانباز: «قاسىماخۇن، ئالدىغا بېرىپ قاراپ بېقىڭ» دەيدۇ. قاسىم «ماقۇل» دەپ كېتىدۇ. توختاخۇن جانباز ئۆزىگە قاراپ تۇرغان توققۇز ھارۋىكەش ھەم شاگىرتلىرىغا قاراپ: «ئۈچ كۈن ماڭدۇق. ئەگەر يولدا كاشىلا بولمىسا، يەنە ئۈچ كۈن ماڭساق ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارىمىز. نەچچە كۈندىن بۇيان يول ئازابى ـ گۈر ئازابى تارتتىڭلارغۇ دەيمەن» دەيدۇ. ھارۋىكەشلەردىن بىرى: «بىز بۇ ئازابقا كۆنۈپ كەتكەن، شۇڭا مۇنداق قوشاقلىرىمىزمۇ بار تېخى» دەيدۇ.

چۆلدە مېڭىپ گال قۇرۇپ،
مەنزىللەردە ئاھ ئۇرۇپ.
قېرىپ كەتكەن ياش تۇرۇپ،
قارغىش تەگكەن ھارۋىكەش.

ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق،
ئوسال ئەمەسمۇ.
چۆلدە قالسا ھارۋىكەشلەر،
ئۇۋال ئەمەسمۇ.

باشقىلار: «يەنە، يەنە» دېيىشىدۇ:

جامائەتنىڭ ئالدىدا يوق،
بىر ۋاق ناماز يادىدا يوق.
تاپقان پۇلىنىڭ بەرىكىتى يوق،
قارغىش تەگكەن ھارۋىكەش.

**توختاخۇن جانباز:** ھارۋىكەشلىكنىڭ جاپاسى كۆپ، چۆللەردە كېتىۋېتىپ، ھارۋىنىڭ بىرەر يېرى سۇنۇپ كەتسە، يازلىقى تومۇزدا ئۇسساپ ئۆلىدىغان، قىشلىقى توڭلاپ ئۆلىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ.

**قوشاقچى ھارۋىكەش:** يولدا تىنچ ماڭدۇق دېسەكمۇ تۆت ئاتنى تەكشى ھەيدەپ ماڭمىساق، بىرى بەكرەك كۈچەپ تارتىپ ھېرىپ قالسا، ئەتىسى ھارۋىنى تارتالماي قالىدۇ. بىر كۈن مېڭىپ، تەستە مەنزىلگە يېتىپ بارساقمۇ ئالدى بىلەن ئاتلارنى بېقىپ، ئاندىن ئۆزىمىز تاماق يەيمىز.

**توختاخۇن جانباز:** گۇچۇڭغا ئەڭ دەسلەپ كوڭكا (ئاپتوموبىل شۇ چاغدا كوڭكا دېيىلەتتى) ھەيدەپ كەلگەن شوپۇرلار ئىچىدىكى تۇنجى ئۇيغۇر شوپۇر مەخسۇتئاخۇننىڭ[1] گېپىگە قارىغاندا، بىرىنچى بولۇپ 1926 ـ يىلى چۆچەك بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىغا كوڭكا يولى ياسالغان. لېكىن بۇ يولغا كۆۋرۈكلەر سېلىنىپلا يول يۈزى ياخشى ياسالمىغان. كۆپ يەرلىرىگە شېغىلمۇ يېيىتىلمىغان، شۇڭا بۇ ئۆلچەملىك كوڭكا يولى ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن 1928 ـ يىلى ياسالغان ئۈرۈمچى ـ گۇچۇڭ كوڭكا يولى ئۆلچەملىك بولغاچقا، كوڭكا تېز ماڭالايدىكەن. گۇچۇڭدىن ئۈرۈمچىگە ئون سائەتتىلا بارىدىكەن. مۇشۇنداق كوڭكا يولى باشقا جايلارغىمۇ ياسىلىدىكەن.

**قوشاقچى ھارۋىكەش:** كوڭكا ھەيدىسە يولدا ھېرىپ قالامدىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىدىغان، مەنزىلگە يەتكەندە يەم بېرىمەن، دەيدىغان ئاۋارىچىلىكمۇ يوق، بىز قاچانغۇچە ئات ھارۋىمىز بىلەن توپا يولدا يۈرەرمىز.

**توختاخۇن جانباز:** بىز كوڭكا يولى ياساپ ئۈستىدە كوڭكا ماڭغۇزساق، باشقا دۆلەتلەردە تۆمۈريول ياساپ ئۈستىدە ئوت ھارۋىسى ماڭغۇزۇۋېتىپتۇ. يەنە تېخى يولمۇ كېرەك بولمايدىغان ئۇچقۇ ياساپ ئاسماندا ئۇچۇپ، يىراق شەھەرلەرگە بېرىپ قونىدىكەن. پاراخوت ياساپ،

---

① مەخسۇتئاخۇن تۇنجى ئۇيغۇر شوپۇرلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىگە نازىر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مۇئاۋىن مۇدىر بولغان. 1991 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

دەريا ـ دېڭىزلارنى كېزىپ دۇنيانى ئايلىنىدىكەن.

**قوشاقچى هارۋىكەش:** بىر تۆمۈرچى تۆمۈر بېلىق ياساپ، ئۇنى مىنىپ دۇنيادىكى دەريا ـ دېڭىزلارنى كۆرۈپ كېلىدىكەن. بىر ياغاچچى ياغاچ ئات ياساپ، ئۇنى مىنىپ بىر قۇلىقىنى بۇراپ ئاسمانغا چىقىدىكەن، يەنە بىر قۇلىقىنى بۇراپ يەرگە قايتىپ چۈشىدىكەن، دەيدىغان بىر چۆچەك بار ئىدى. ئۇنداقتا ئۇچقۇ، پاراخوت دېگەنلەر شۇنىڭغا ئوخشاپ قاپتۇ.

**توختاخۇن جانباز:** بۇ چۆچەك كىشىلەرنىڭ ئاسماندا ئۇچۇش ئارزۇسىنىلا بىلدۈرىدۇ. هازىر كوڭكا بار بولدى. كونىلەر ئۆتۈپ، بىر زامانلار كەلگەندە ئوت هارۋىسى، ئۇچقۇ دېگەنلەرمۇ كېلىپ قالار. شۇ چاغدا توپا يولدا يۈرمەسمىز.

**قوشاقچى هارۋىكەش:** ئۇستام، ئۇچىدۇ، قونىدۇ دېگەن گەپلەرگە قارىغاندا ئۇچقۇ دېگەن قاغىلارغا ئوخشاش دەرەخلەردىن ئۇچۇپ، يەنە دەرەخلەرگە قونامدىكەن؟

بۇ گەپكە هەممەيلەن كۈلۈشۈپ تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ يېنىغا قاسىم كېلىدۇ.

**قاسىم:** ئۈرۈمچىدىن قومۇلغا ماڭغان تۆت ئات قېتىلغان بىر هارۋا كۆۋرۈكنىڭ ياغىچى سۇنۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆستەڭگە پېتىپ قاپتۇ، ئۆستەڭدىكى سۇمۇ توسۇلۇپ قېلىپ باشقا جايغا ئېقىۋاتىدۇ. پېتىپ قالغان ئۇ هارۋىغا ئىككى هارۋىنىڭ ئېتىنى قېتىپمۇ چىقىرالماي تۇرۇپتۇ. مەن ئۇلارغا، «توختاڭلار، توختاخۇن جانباز مۇشۇ يەردە. شۇ ئادەم چىقىرىپ بېرىدۇ» دېۋىدىم، هەممە هارۋىكەش: «ئۇ ئادەمنى بىلىمىز» دەپ خۇش بولۇپ كەتتى.

**توختاخۇن جانباز:** يۇرۇقلار، جانبازلار! بىز كېرەك بولىدىغان پەيت كېلىپ قاپتۇ.
توختاخۇن جانباز تۆت جانبازنى باشلاپ، پېتىپ قالغان ھارۋىنىڭ يېنىغا باردۇ. توختاخۇنلار كەلگۈچە ھارۋىدىكى يۇك ئازراق چۇشۇرۇلىدۇ.
**توختاخۇن جانباز:** سىلەر تۆتىڭلار ھارۋىنىڭ ئالدىغا ئۆتۇپ، ئىككىڭلار شوتىنىڭ بىر تەرىپىنى، ئىككىڭلار شوتىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى كۆتۇرۇڭلار، مەن كەينىنى كۆتۇرىمەن. تەييار بولدۇڭلارمۇ؟ قېنى كۆتۇرۇڭلار.
ئۇلار ھارۋىنى كۆتۇرۇپ، ئۆستەڭنىڭ چېتىگە ئاچىقىپ قويىدۇ. ھارۋىكەشلەر چۇقان - سۇرەن سېلىشىپ خۇش بولۇپ كېتىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر كۆۋرۇكنى ئوڭشاشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر ھارۋىكەش توختاخۇن جانبازدىن سورايدۇ.
**ھارۋىكەش:** توختاخۇن ئاكا، مەن گۇچۇڭ قورغاندىن، مېنىڭمۇ ئىسمىم توختى. (كىشىلەر كۇلۇشىدۇ) بۇنىڭدىن يىگىرمە كۇنلەر ئىلگىرى ھارۋا ئەپقېچىپ كېلىۋاتقان ئاتنى ئالىقان بىلەن پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۇرۇپ، چوڭ بازارنى ۋەيرانچىلىقتىن ساقلاپ قالغان ئىدىڭىز. مانا بۇگۇن شۇنچە كۆپ ھارۋىكەشلەرنى جاپادىن قۇتۇلدۇردىڭىز. خۇدا سىزگە رەھمەت قىلسۇن.
**يەنە بىر ھارۋىكەش:** توختاخۇن ئاكا، سىز جانبازلىقنى كىمدىن ئۆگەنگەن؟
**توختاخۇن جانباز:** مەن قول، پۇت، كالتەكۋازلىق

ماھارەتلىرىنى ئاتام گۆھەرىدىندىن ئۆگەنگەن. ئاتام بولسا پىچان لۈكچۈندىكى ۋاڭ ئوردىسىدىن گۈچۈڭغا سۈرگۈن قىلىنغان ئەسلا بەگ دېگەن جانبازدىن ئۆگەنگەنىكەن. ئاتام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاپام، مەن، سىڭلىم ئېغىر كۈنلەردە قالدۇق. باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلىدىم. شۇنداق بولسىمۇ تىرىشىپ قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق ماھارەتلىرىنى خەنزۇ، خۇيزۇ جانبازلاردىن ئۆگەندىم. چىۋىن تۇتقۇزۇش، قۇم مۇجۇتۇش، چاشقان ئۆلتۈرگۈزۈش، سۇ مۇجۇتۇش قاتارلىق جانباز تەربىيەلەيدىغان چارە ـ تەدبىرلەرنى ئۆزۈم ئويلاپ تاپتىم. شۇنىڭ بىلەن جانباز بولۇپ قالدىم. شاگىرتلىرىم بار بولدى، شاگىرتلىرىم ئەڭ كۆپەيگەندە ئىككى يۈزدىن ئاشتى. بۇ چاغدا سودىگەرلەر ماڭا گۈچۈڭ بازىرىنى كۆزەت قىلىشنى تاپشۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋالىم ياخشىلاندى. ئات ھارۋامۇ بار بولدى. بالىلىرىممۇ ياخشى چوڭ بولدى، ئۇلارمۇ جانبازلىقنى ئۆگەندى.

**يەنە بىر ھارۋىكەش:** بۇ پېتىپ قالغان ھارۋا مېنىڭ ئىدى. سىز توغرۇلۇق ئاجايىپ گەپلەرنى قۇمۇلدا كۆپ ئاڭلىغان.

**توختاخۇن جانباز:** سىز قۇمۇللۇق ئىكەنسىز ـ دە.

**ھارۋىكەش:** ھە، شۇنداق.

**توختاخۇن جانباز:** شاگىرتىم ھەمدۇللانى تونۇيدىغانسىز؟

**ھارۋىكەش:** تونۇيمەن، ئۇ بىزنىڭ قوشنا، قۇمۇلدا ئەڭ ئۇستا جانباز.

**توختاخۇن جانباز:** ياخشى، ياخشى، ئۇ سالامەتمۇ؟ سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟

**هارۋىكەش:** ھەمدۇللا.

**توختاخۇن جانباز:** ھەمدۇللا...؟

**هارۋىكەش:** ھەيران قالماڭ... ھازىر بۇ يەردە قۇمۇللۇق تۆت ھارۋىكەش بار، ئىككىمىزنىڭ ئىسمى ھەمدۇللا.

**توختاخۇن جانباز:** قۇمۇلدا ھەمدۇل تولا ئىكەن ـ ھە.

ئۇ بۇ گەپنى قىلىپ كۈلۈپ كېتىدۇ.

**ھەمدۇللا:** ھەيران بولماڭ. بىزنىڭ ھارۋىغا كىرا قىلىپ چۇشۇۋالغان بىر ئادەم بار. ئۇ گۇچۇڭلۇق. ئىسمى توختى. سىزمۇ توختى، ھېلىقى ھارۋىكەش بىلەن ئۈچ توختى. مانا گۇچۇڭدا توختى تولا.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ توختاخۇن جانباز بەكرەك كۈلىدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** ماڭا تەگكۈزۈپ قىلغان چاقچاقلىرىڭلار ناھايىتى ياخشى بولدى. ماڭا يەنە چاقچاق قىلىڭلار، مەن خۇش بولىمەن.

**ھەمدۇللا:** مەن كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسام، ئۇنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

**توختاخۇن جانباز:** ئۇنداق بولسا مەن ئۈچ شاگىرتىمنىڭ ئىسمىنى دەپ باقاي.

**ھەمدۇللا:** قېنى دەڭ.

**توختاخۇن جانباز:** بۇنىڭ ئىسمى مەتتوختى.

**ھەمدۇللا:** بۇ خوتەنلىك.

**مەتتوختى:** مەن راست خوتەنلىك. گۈچۈڭغا سودا كارۋانلىرى بىلەن كېلىپ، جانبازلىقنى ئۆگەنگەن.

**توختاخۇن جانباز:** بۇنىڭ ئىسمى سەلەيقارى.

**ھەمدۇللا:** بۇ كۇچالىق.

**سەلەيقارى:** راست، مەن كۇچالىق، مەنمۇ گۈچۈڭغا سودا كارۋانلىرى بىلەن كېلىپ، جانبازلىقنى ئۆگىنىپ تۇرۇپ قالغان.

**توختاخۇن:** بۇنىڭ ئىسمى سېتىنىياز.

**ھەمدۇللا:** تۇرپانلىق.

**سېتىنىياز:** مەن پىچانلىق. مېنى قەيەرلىكلا دېسەڭلار مەيلى.

كۆپچىلىك يەنە كۇلۇشىدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** گەپلىرىڭىز ناھايىتى توغرا چىقتى، بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟

**ھەمدۇللا:** بۇنىڭدىن نەچچە كۇن ئىلگىرى ئۈرۈمچى كۆنچى مەھەللىسىدىكى دەڭدە ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەن ھارۋىكەشلەر ئۆزئارا چاقچاق قىلىشتۇق. ھاجى ئىسىملىك قەشقەردىن كەلگەن بىر ھارۋىكەش: «ئۈرۈمچى توغرىسىدا يۇرتدىشىمىز موللا ناسىر[1] بۇلتۇر ئۈرۈمچىگە كەلگەندە توقۇغان قوشاقنى مەن يادلىۋالغان، شۇنى يادلاپ بېرەي، دەپ مۇنداق قوشاقنى يادلاپ بەردى:

---

① ھارۋىكەش موللا ناسىرنىڭ قوشاقلىرى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى توقۇلغان. بۇنى پېشقەدەم يازغۇچى مەرھۇم تۇردى سامساق 1983 ـ يىلى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 16 ـ نويابىردىكى سىناق يەتتىنچى سانىدا ئېلان قىلغان.

مەن قەشقەردىن چىقىپ كەلدىم،
ئاتمىش ئۆتەڭ بېسىپ كەلدىم.
ئۈرۈمچىگە ھېرىپ كەلدىم،
ئازابلىقتۇر بۇ يوللىرى.
ھاكچى قوۋۇقى[1]دىن كىرىپ،
تىزىمغىچە پاتقاق كېچىپ.
ئەتراپىمغا لاينى چېچىپ،
قەدەم قويدۇم شەھەرسېرى.
سەنشىخاڭزا پەنتەي خاڭزا،
ئىمارەتلەر ياڭزا - ياڭزا.
بەزىلىرى ئەسكى پاڭزا،
غارايىبتۇر كوچىلىرى.
سومىنزى[2]نىڭ ئىچى - تېشى،
روزى ھاجىم[3]دۇر يۇرتىنىڭ بېشى.
مىسكىنلەرنىڭ ئاققان يېشى،
ھېچكىمنىڭ يوق پەرۋالىرى.
مېتىرلاپ ئەپ، گەزلەپ ساتقان،

---

① ھاكچى قوۋۇقى — ئۈرۈمچىدىكى بۇرۇنقى قوۋۇق. ئورنى ھازىرقى نەنمىن تەنتەربىيە مەيدانى ئالدىدىكى تۆت كوچىدا ئىدى.

② سومىنزى — ئۈرۈمچىنىڭ بۇرۇنقى يەنە بىر قوۋۇقى. ئورنى ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئانا - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدا، ئۇيغۇرچە «يانداش قوۋۇق»، «ياردەمچى قوۋۇق» دېگەن مەنىدە.

③ روزى ھاجى — ئۈرۈمچىدىكى پېشقەدەملەرنىڭ بىرى بولۇپ، ياڭ زىڭشىڭ دەۋرىدە مۇئاۋىن يىجاڭ (مەسلىھەتچىلەر باشلىقى) بولغان. بۇ شۇ چاغ شارائىتىدا شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار ئىچىدە يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

جىڭغا جانى كۆپلەپ قاتقان.
خېرىدارنى ئوتقا ئاتقان،
دىيانەتسىز سودىلىرى.
مەن قەشقەرلىك موللا ناسىر،
هارۋىكەشمەن ئۆزۈم هازىر.
سۆزلىرىمدە بولسا قاسىر،
كەچۈرگەيلا بارچىلىرى.»

ئۇنىڭغا هەممىمىز بارىكاللا ئېيتتۇق. ئاندىن غۇلجىلىق بىر هارۋىكەش قوشاق ئېيتقان هارۋىكەشكە قاراپ تۇرۇپ گەپ قاتتى.

**غۇلجىلىق هارۋىكەش:** مەنمۇ ئاڭلىغانلىرىمنى دەپ چاقچاق قىلاي:

خوتەندە مەتتوختى تولا،
قەشقەردە هاجى تولا.
كۇچادا قارىي تولا،
تۇرپاندا سېتنىياز تولا.
قۇمۇلدا هەمدۇل تولا،
غۇلجىدا يارمۇهەممەت تولا.

مەنمۇ غۇلجىلىق. ئېتىم يارمۇهەممەت.

بۇ چاغدا هارۋىكەشلەردىن بىرى: «ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن يارمۇهەممەتنىڭ سۆزىگە ‹گۇچۇڭدا توختى تولا› دېگەننى قوشۇپ قويىدىغان بولدۇق ـ دە» دەپ توختاخۇن

جانبازغا قاراپ قويىدۇ. ھەممىسى كۈلۈشىدۇ. بۇ چاغدا كۆپچىلىك ئارىسىدىن ياشراق بىر يىگىت چىقىپ كېلىدۇ.

**يىگىت:** توختاخۇن ئاكا، چاقچاقلارنى ئاڭلاپ ھارغىنلىقنى ئۇنتۇپ قالدۇق.

توختاخۇن جانباز ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارايدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** ھوي... سەن قۇربان كۆنچىنىڭ ئوغلى توختىغۇ، «گۈلشەن» مەكتەپتە ئوقۇغان ئىدىڭغۇ؟

**توختى:** مەن «گۈلشەن» مەكتەپتە تۆت يىل ئوقۇغان، سىزنىڭ جانبازلىق دەرسىڭىزنىمۇ قىزىقىپ ئۆگەنگەن.

**توختاخۇن جانباز:** ئۇنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟

**توختى:** ھازىر نەيزىۋازلىق قىلسام تۆت ئادەمگە تەڭ كېلەلمىسەممۇ، ئۈچ ئادەمگە تاقابىل تۇرالايمەن.

**توختاخۇن جانباز:** ھە... ياخشى جانباز بولۇپ قاپسەن، سېنىڭدە بىر خىل چىدامچانلىق بار ئىدى. نەچچە يىلدىن بېرى سېنى گۈچۈڭدا كۆرمىدۇققۇ؟

**توختى:** مەن قەشقەرگە بېرىپ خانلىق مەدرىسىدە ئالتە يىل ئوقۇدۇم. جىگەر ئاغرىقى بولۇپ قېلىپ گۈچۈڭغا قايتىشىم. ئۈرۈمچىدىن بۇ يەرگە مۇشۇ تاغامنىڭ (ھېلىقى ھارۋىسى پېتىپ قالغان قۇمۇللۇق ھارۋىكەشنى كۆرسىتىدۇ) ھارۋىسىدا كەلدىم.

**توختاخۇن جانباز:** ئالتە يىلدىن بۇيان گۈچۈڭنى سېغىنغانسەن؟

**توختى:** ئەلۋەتتە سېغىندىم، قەشقەردىكىلەر سىزنىڭ جانبازلىق توغرىسىدىكى ئىشلىرىڭىزنى سۆزلەپ يۈرسە تېخىمۇ سېغىندىم.

**توختاخۇن جانباز:** ئۇنداق بولسا نېمىشقا بىرەر پارچە سالام خەت يازمايسەن؟

**توختى:** يازغان سالام خېتىم يانچۇقۇمدىلا بار. مەن بۇنى گۇچۇڭغا بارغاندا جامائەتكە ئوقۇپ بەرمەكچى ئىدىم.

**توختاخۇن جانباز:** مۇشۇ يەردىمۇ بىر ئوقۇۋەتمەمسەن؟

**توختى:** بولىدۇ.

يۇرتۇم گۇچۇڭ دىدارىڭنى كۆرگۈم كەلدى،
تاش ـ توپاڭنى كۆزلىرىمگە سۈرتكۈم كەلدى.
ئاتا ـ ئانا، يۇرتداشلارغا سالام بېرىپ،
ئالما باغدا سەيلە قىلىپ يۈرگۈم كەلدى.
گۇچۇڭ سېنىڭ تارىخلاردا داڭقىڭ قالغان،
ئىككى ياندا مورى، جىمسار ئورۇن ئالغان.
يەڭگەن چاغدا جانبازلىرىڭ جانبازلارنى،
ھەممە يۇرتلار مۇبارەكلەپ چۇقان سالغان.
ئاشلىق، كۆمۈر، چارۋىلارغا قوينۇڭ تولغان،
گۈللەندۈرۈپ پەرزەنتلىرىڭ پىدا بولغان.
شۆھرىتىڭنى كۆتۈرمەكتە ھازىر يەنە،
توختاخۇندەك ماھىر جانباز، باتۇر ئوغلان.

**توختاخۇن جانباز:** ياخشى، شائىرمۇ بولۇپ قاپسەن، يۇرتنى ماختا، لېكىن مېنى ماختاپ كەتمە. مەن ھېيتاخۇن زاسۇيچىگىمۇ «بازارنى ماختاڭ، ئەمما مېنى ماختىماڭ» دەپ ئېيتتىم. ھازىر مۇشۇنداق خەت ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان بولۇپ قالغانلار بۇرۇنقىدىن

كۆپ. مەن كىچىك چاغلاردا خەت ئوقۇپ بېرەلەيدىغان ئادەم تاپماق تەس ئىدى. كۆپلىگەن ئادەملەر يىراق جايلاردىكى تۇغقانلىرىدىن كەلگەن خەتلەرنى بىزنىڭ ئۆيگە ئەكىلىپ ئاتامغا ئوقۇتاتتى ياكى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلارغا كەلگەندە خەتلىرىنى ئالغاچ كېلىپ، ئىمام، مەزىنلەرگە ئوقۇتاتتى، ئاندىن قايتىپ ئائىلىسىدىكىلەرگە خەتنىڭ مەزمۇنىنى دەپ بېرەتتى. ئەگەر مۇھىم راق ئىشلار يېزىلغان بولسا، خەت ئوقۇيالايدىغان ئادەمنى ئۆيگە چىللاپ، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى.

ئاڭلاپ تۇرغانلار: «بۇنداق ئەھۋاللار هازىر ھەممىلا جايدا بار. يەنىلا باللارنى كۆپلەپ ئوقۇتۇشىمىز كېرەك. بۇ نەزمىمۇ بىزگە تازا خۇشياقتى، هاردۇقىمىز چىققاندەك بولدى» دېيىشىپ تۇرغاندا، بىرەيلەننىڭ يۇقىرى ئاۋازدا: «كۆۋرۈكنى ئۇڭشاپ بولدۇق» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

# 25

ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى مېھمانخانىسىدا توختاخۇن جانباز يوللۇق تەقسىم قىلىدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** بۇرۇن ھەرقايسىڭلار قانچىلىك پۇل تاپساڭلار، شۇ پۇلغا ئىگە بولدۇڭلار. ھازىر يانچۇقۇڭلاردا يېتەرلىك پۇل بار. بۈگۈن پۇلنى تەڭ تەقسىم قىلمايمىز، يولنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىغا قاراپ تەقسىم قىلىمىز.

**شاگىرتلار:** ئۇستام، قانداقلا تەقسىم قىلسىڭىز بىز قوشۇلىمىز.

**توختاخۇن جانباز:** قاسىم نەگە كەتتى، يوققۇ؟

**مەتتوختى:** قاسىم پۇل ئالمايمەن، سەن ئۇستامغا ئېيتىپ قوي، دەپ قويۇپ كەتكەنىدى.

**توختاخۇن جانباز:** ئۇ ئاخىر دېگىنىنى قىپتۇ، ئۇ يەنىلا بىزگە كېسەك ئېتىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىۋاتىدۇ. ئۇنداق بولسا ھەممە پۇلنى سىلەرگە تەقسىم قىلىمەن. بۇ قېتىمقى ھەممە كىرىم تۆت يۈز ئەللىك سەر، مەتتوختى ئىككى يۈز ئەللىك سەر ئالىدۇ، ھارۋىدا ماڭسا خوتەنگە ئىككى يېرىم ئايدا يېتىپ بارىدۇ، بۇ يول خىراجىتىگە يېتىپ ئاشىدۇ. سەلەيقارى يۈز ئەللىك سەر ئالىدۇ، كۇچاغا بىر ئايدا يېتىپ بارىدۇ. سېتنىياز

ئەللىك سەر ئالىدۇ، پىچانغا ئون كۈندە يېتىپ بارىدۇ.

بۇ چاغدا ئۈچ شاگىرت تەڭلا: «ئۆزىڭىز ھېچنېمە ئالماپسىز، بىزمۇ ئالمايمىز» دەيدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** باشقا كەسىپلەردە دۇكان ئايرىپ بېرىش دېگەن قائىدە بار، لېكىن بۇ كەسىپتە يوق، شۇنداق بولسىمۇ بۇ مېنىڭ سىلەرگە دۇكان ئايرىپ بەرگىنىم بولۇپ قالسۇن. كىم بىلىدۇ، كۆرۈشكىنىمىز مۇشۇ بولۇپ قالامدۇ تېخى! مەن ئۆز ھارۋامدا باشقىلارنىڭ يۈكىنى ئەكەلدىم، كىرا پۇلى بەش يۈز سەر. ماڭا مۇشۇ بولسا بولدى، سىلەر تارتىنماڭلار. بۇرۇن ئون سەرگە بىر قوي ئالغىلى بولاتتى، ھازىر يىگىرمە سەرگىمۇ بىر قوي ئالغىلى بولمايدۇ. خوشلىشىدىغان چاغ بولغاچقا سىلەر بىلەن يەنە بىرئاز مۇڭدىشىۋالاي. مېنىڭ شاگىرتلىرىمنىڭ ھەممىسى يەرلىك باللار بولغاچقا، مەشىق ۋاقتىدا كېلىپ، باشقا چاغدا كېتىپ ئۆز ئىشىنى قىلىدۇ. باشقا يۇرتتىن كەلگەنلەر سىلەردەك كېچىسى كۆزەتچىلىك قىلىپ گۇچۇڭ بازىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدۇ. بۇنىڭدىن قىلغان كىرىم بىلەن ئۆي ئىجارە ئالىدۇ، تاماق يەيدۇ، كىيىم كىيىدۇ. بۇنىڭدىن ئۆزۈمگىمۇ كىرىم بولىدۇ، يەنە ئۆزۈم ھارۋا بىلەن كىرا تارتىمەن، ھازىر ئەللىك ياشقا كىردىم. شاگىرتلىرىمدىن ھىدايىتۇللا خەلپەت بىلەن چوڭ ئوغلۇم نىزامىدىن شاگىرت تەربىيەلەۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن يىراق يۇرتلاردىن شاگىرت كەلسىمۇ شۇلار تەربىيەلەيدۇ. سىلەر مەندىن «ماھارەت ئۆگەتمىدى» دەپ نارازى بولدۇڭلار. مەن بىر ئادەمگە بىرلا ماھارەت

ئۆگىتىمەن، بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاز دېگەندە ئۈچ يىل كېتىدۇ. قالغىنىنى باشقا شاگىرتلارنىڭ مەشىقلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرى ئۆگىنىۋالىدۇ، سىلەرمۇ شۇنداق قىلدىڭلارغۇ دەيمەن. مەنمۇ جانبازلىقتا ئىشلىتىدىغان قىلىچ، نەيزە، گۈرزە دەپ ئاتىلىدىغان ئون سەككىز خىل قورالنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىشنى پىششىق بىلىمەن، بۇنى شاگىرتلارغىمۇ ئۆگەتتىم. قىلىچ، نەيزە، گۈرزە دېگەنلەر قەدىمكى زامان جەڭ قوراللىرى. ھازىر مىلتىق، زەمبىرەكلەر چىققاچقا، ئۇلار ئەمدى جانبازلىقتا ئىشلىتىدىغان مۇسابىقە قوراللىرى بولۇپ قالدى. لېكىن ئۆزۈم قورال ئىشلىتىپ ئېلىشىشنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن. چۈنكى، ئۇ سۇرلۇك بولغان بىلەن، چىۋىن تۇتۇش، قۇمنى مۇجۇشلاردەك قىزىقارلىق بولمايدۇ.

سېتىنىياز: ئۇستام، بىزمۇ سىزدىن قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىقنى ئۆگەتمىدى، دەپ نارازى بولغان.

**توختاخۇن جانباز:** مەن مەتتوختىغا «كىچىك موزاينى ھەر كۈنى كۆتۈر» دېگەنىدىم، ئۇ ئۈچ يىل كۆتۈرۈپ، ھازىر تورپاقنىمۇ كۆتۈرەلەيدىغان بولدى. گۈچۈگۈدىن ماڭغۇچە قاسىمنى ئۆگزىگە تاشلا دېۋىدىم، ئۇنى ئاسمانغا ئېگىز ئېتىپ، ياندىكى ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە تىك چۈشۈرۈپ قويدى. قاسىم بۇنىڭدىن چۆچۈپ كېتىپتۇ. سەلەيقارىي، سېنى بىر داسقا قۇمنى تۆكۈۋېلىپ بىر كۈن قۇمنى مۇجۇ! بىر داسقا سۇنى قويۇۋېلىپ بىر كۈن سۇنى مۇجۇ دېۋىدىم، ئۈچ يىل مۇجۇپ قولۇڭ كۈچەيدى. ھازىر بىركىمنىڭ قولىنى سىقىدىغان بولساڭ

سۇندۇرۇۋېتەلەيسەن. سېتىنىياز، سېنىمۇ يېرىم ئىدىش سۇنى پۇۋلە دېۋىدىم، ئۈچ يىل پۇۋلەپ، ئىدىشتىكى سۇنى سىرتقا تاشتۇرۇۋېتەلەيدىغان بولدۇڭ. ئاغزىڭ كۈچەيدى، يېقىن تۇرغان ئادەملەرنى پۇۋلىسەڭ داجىتىۋېتەلەيسەن، بۆكلىرىنى ئۇچۇرۇۋېتەلەيسەن، قولى كارغا كەلمىسە، ئۆزلىرى يېقىن كېلەلمىسە، يېڭىلدى دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ ماھارەتلەر قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىقتىن قېلىشمايدۇ. ھازىر ھەربىرىڭلار بىردىن ماھارەت ئىگىلىگەن جانباز بولۇپ قالدىڭلار.

**شاگىرتلار:** بىزمۇ قىلىچۋازلىق، كالتەكۋازلىقلارنى ئۆگەنگەن شاگىرتلاردىن بۇ ماھارەتلەرنى ئاز ـ تولا ئۆگەندۇق، بۇمۇ راست.

**توختاخۇن جانباز:** جانبازلىقنى كىشىلەر بىر ـ بىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆگەنمەيدۇ، بۇ پەقەت دوستلۇقنى يولغا قويۇشنىڭ بىر خىل چارىسى، خۇددى چېلىشىش مۇسابىقىسى قىلغاندەك. جانبازلىق دوستلۇققا زىيانلىق بولغان بولسا، ئۇنى ھېچكىم ئۆگەنمىگەن بولاتتى. دوستلۇق دېسە مېنىڭ دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگىمۇ بارغۇم كېلىدۇ. ئەمدى ساتىراشخانىغا بېرىپ چاچ ئالدۇرايلى، ئاندىن خوشلىشايلى. مەنمۇ بۈگۈن كەچتىلا گۇچۇڭغا قايتىمەن. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئاجىزلارغا يۆلەك بولۇڭلار، ھەرگىزمۇ يامانغا يانتاياق بولماڭلار.

# 26

ساتىراشخانا.

ئۈرۈمچى مال بازىرىدىكى قايناق بازار. ھەر خىل تاۋار تولۇق، مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەر ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. بازارنىڭ بىر يېرىدە سايىۋەن ئاستىنى دۇكان قىلىۋالغان ئونلىغان ساتىراش تىجارەت قىلماقتا. توختاخۇن جانبازلار بىر دۇكاندا قاتار ئولتۇرۇپ چاچ ئالدۇرىدۇ. نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرغان بىرقانچە ئادەم ئىچىدە توختاخۇن جانبازنىڭ گېپى بولىدۇ.

**بىر ئادەم:** گۇچۇڭدا توختاخۇن جانباز كارامەت داڭ چىقاردى (يېنىدىكى ئادەمنى ئىشارەت قىلىدۇ). بىز ئىككىمىز مۇ جانبازلىقنى ئۆگەنگەن، ئاشۇ ئادەم بىلەن ئېلىشىپ باقساق، ئارتۇق يېرى بولسا ئۆگەنسەك دەپ يۈرۈۋاتىمىز.

توختاخۇن جانبازنىڭ چېچىنى ئېلىۋاتقان ساتىراش گەپ باشلايدۇ.

**ساتىراش:** مەنمۇ جانباز، توختاخۇن جانباز ھەققىدىكى گەپلەرنى بۇ ساتىراشخانىدا ھەر كۈنى ئاڭلايمەن. مەنمۇ ئۇ كىشىدىن تەلىم ئالسام دەيمەن.

بۇ چاغدا ياشراق بىرەيلەن سۆزلەيدۇ.

**ياش يىگىت:** گۇچۇڭدىكى بىر چايخانىدا ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن جانبازلار توختاخۇن جانباز بىلەن ئېلىشىپ بېقىش توغرىسىدا پاراڭ قىلىشىۋاتقاندا توساتتىنلا شىرە ـ ئورۇندۇقلار لىڭشىپ كېتىپتۇ. شىرە ئۈستىدىكى چىنىلەردىكى چايلارمۇ تۆكۈلگىلى تۇرۇپتۇ. جانبازلارنىڭ بىرى «يەر تەۋرىدى» دەپ توۋلاپتۇ. بۇ چاغدا بۇلارنىڭ گەپلىرى خۇشياقمىغان چايخانا ئىگىسى «ياق!... يەر تەۋرىگىنى يوق، توختاخۇن جانباز يېقىنلاپ كەلسە، يەر تەۋرىگەندەك بولۇپ كېتىدۇ» دېگەنىكەن. جانبازلارنىڭ ھەممىسى قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە يەر تەۋرىگىنى راست، توختاخۇن جانباز كەلدى دېگىنى يالغان ئىكەن. توختاخۇن جانبازنىڭ داڭقىنى كۆپ ئاڭلىغان بۇ جانبازلار راست گەپكە ئىشەنمەي، يالغان گەپكە ئىشىنىپ قاچقانىكەن.

بۇ گەپكە ساتىراشخانىدىكى ھەممە ئادەم كۈلۈپ كېتىدۇ.

بۇ چاغدا ئوتتۇرا ياش بىر ئادەم ساتىراشخانىغا كىرىپلا، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تۇرسۇنئاخۇن ئۇستام» دەپ ساتىراشقا سالام قىلىدۇ.

ساتىراش ئۇستام چاچ ئېلىشنى توختىتىپ، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھوشۇر جانباز، سالامەت تۇرۇپسىز» دەيدۇ.

**ھوشۇر جانباز:** توختاخۇن جانباز بىرنەچچە شاگىرتى بىلەن ئاخشام گۇچۇڭدىن كېلىپ، بۇلاقبېشى مېھمانخانىسىغا چۈشۈپتۇ. «توختاخۇن جانباز بىلەن

ئىلىشىپ باقمەن» دەپ گۆچۆڭغا كەتكەن ئاغىنىمىز قاسىم جانبازمۇ ئۇلار بىلەن قايتىپ كەپتۇ. قاسىم بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇلارنى ئۆيىدە مېھمان قىلىدىكەن، بىز ئىككىمىزمۇ بارىدىكەنمىز. قاسىم ھازىر توختاخۇن جانبازلارنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن مېھمانخانىغا كەتتى.

**ساتىراش ئۇستام:** بىزمۇ شۇ ئادەمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقان ئىدۇق. ئۇ مۇبارەك زات بىلەن كۆرۈشۈش بۈگۈن نېسىپ بوپتۇ. مانا بۇ چاچنى ئېلىپ بولۇپ، ئىككىمىزمۇ مېھمانخانىغا بېرىپ، ئۇ كىشىگە بالدۇرراق سالام بېرەيلى. ئەگەر توختاخۇن جانبازلارنىڭ ۋاقتى بولسا، مەنمۇ ئەتە ئۇلارنى ئۆلانبايدىكى دەرەخلىككە چىللاپ، ئۇرۇمچىدىكى جانبازلار بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن. ئېلىشىدىغانلار چىقىپ قالامدۇ تېخى.

**ھوشۇر جانباز:** قاسىمنىڭ گېپىگە قارىغاندا، توختاخۇن جانبازنىڭ ئالدىدا ھەرگىزمۇ «ئېلىشىمەن» دېگەن سۆزنى قىلمىساق بولغۇدەك. بىز ئۆزى تۇرماق، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغىمۇ يېقىن كېلەلمەيدىكەنمىز.

**ساتىراش ئۇستام:** بۇ گەپچە، قاسىم توختاخۇن جانباز بىلەن ئېلىشىپ كۆرۈپتۇ ـ دە.

**ھوشۇر جانباز:** قاسىم گۆچۆڭدا بولغان ئىشنى ئۆيگە كەلسەڭلار داستىخان ئۈستىدە سۆزلەپ بېرىمەن، دېدى.

بۇ چاغدا چېچىنىڭ يېرىمى ئېلىنىپ بولۇنغان توختاخۇن جانباز بىر كارامەت كۆرسىتىدۇ، شارىلداپ كېسىۋاتقان ئۇستىرا چاچقا ئۆتمەي قالىدۇ. ئۇستام ئۇستىرىنى كاپلاپ باقىدۇ، يېڭى ئۇستىرىنى ئىشلىتىپ

باقىدۇ، يەنىلا چاچنى كەسمەيدۇ. بۇ ئەھۋالغا قاراپ دۇكاندىكىلەر ھەيران بولۇپ غۇلغۇلا قىلىشىدۇ. بۇنى بىلگەن دۇكان ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقانلارمۇ توپلىنىدۇ، كىشىلەر بارغانسېرى ھەيران بولۇشىدۇ. ساتىراش ئۇستام ئۇستىرىنى تۇتقىنىچە ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرىدۇ. چېچى تەڭ ئېلىنغان ئۈچ شاگىرتنىڭ چاچلىرى ئېلىنىپ بولىدۇ، ئەمما ئۇلار مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ گەپ قىلمايدۇ. ساتىراش ئۇستام ئىلاجسىز يېنىدىكى يەنە بىر ساتىراشقا ئىما قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىرىسىمۇ كەسمەيدۇ. ھەممىلا ئادەم «بۇ نېمە ئىشتۇ؟» دېيىشىپ تېخىمۇ ھەيران بولۇشىدۇ. ساتىراش ئۇستام: «يا چاچنى ئالغىلى بولمىدى، يا توختاخۇن جانبازنىڭ يېنىغا تېزرەك بارغىلى بولمىدى، بۇ نېمە كارامەت؟» دەيدۇ. بۇ چاغدا توختاخۇن جانباز: «ئۇستام، ئەمدى چاچنى ئېلىۋېرىڭ، ئۇستىرا ئۆتىدۇ» دەيدۇ. ساتىراش بۇ گەپكە ئەجەبلەنگەن ھالدا ئۇستىرىنى سالىدۇ. ئۇستىرا شارىلداپ كېسىدۇ. بۇ ئىش ئەتراپتىكىلەرگە تېخىمۇ سىرلىق بىلىنىپ كېتىدۇ. ئۈچ مىنۇت ئىچىدە چاچ - ساقالنىڭ ھەممە ئىشى تۈگەيدۇ. ھەممە ئادەم ھەيران بولۇپ تۇرغاندا توختاخۇن جانباز ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** سالام ھەممىڭلارغا! مەن توختاخۇن جانباز بولىمەن.

كىشىلەر «توختاخۇن، توختاخۇن، توختاخۇن جانباز» دەپ تەنتەنە قىلىشىدۇ. يېقىن ئەتراپتىكى نەچچە يۈزلىگەن ئادەم يىغىلىدۇ. دۇكاندىكىلەرمۇ دۇكان ئالدىغا

چىقىدۇ، توختاخۇن جانبازلارمۇ خوشلىشىپ چىقىدۇ. ھېلىقى ئىككى جانباز ھەم ساتىراش جانباز توختاخۇننىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

**ئۇلار:** ئۇستام، ئەدەپسىزلىك قىلىپ خاتا گەپ قىلىپ قويۇپتىمىز، كەچۈرگەيلا.

**توختاخۇن جانباز:** بۇ كەچۈرۈم سورىغۇدەك ئىش ئەمەس. سەلەيقارىي، سەن بۇ ئىككى ئاكاڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قوي.

ئۇستىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن سەلەيقارىي بىرسىنىڭ قولىنى سىقىدۇ، ئۇ «ۋايجان!» دەپ قولىنى كۆتۈرەلمەي قالىدۇ. ئاندىن يەنە بىرسىنىڭ قولىنىمۇ سىققاندا ئۇمۇ شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ، توختاخۇن جانباز يەنە: «مەتتوختى، سەن بۇلارنى ئاسمانغا تاشلاپ باقمامسەن» دەيدۇ، مەتتوختى ئۇلارنىڭ بىرىنى تۇتۇپ ئوڭ قولى بىلەن ئاسمانغا ئېگىز ئېتىپ، سول قولى بىلەن تۇتۇۋالىدۇ، ئاندىن سول قولى بىلەن ئېتىپ ئوڭ قولى بىلەن تۇتۇۋالىدۇ، بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ. ئۇ «سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويدۇم» دەپ مەردلىك قىلىپ جىم تۇرۇپ بېرىدۇ. ئاندىن توختاخۇن: «سېتىنىياز، سەن ساتىراش ئۇستامنى پۇۋلەپ قويمامسەن» دەيدۇ. سېتىنىياز «پۇۋ...» دېگەندە، ساتىراش ئۇستام ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكىلەر كەينىگە بىر مېتىردەك داجىپ كېتىدۇ. ساتىراش ئۇستامنىڭ مۇرىسىگە ئارتىۋالغان لۆڭگىسى، ئەتراپتىكىلەرنىڭ دوپپىلىرى ئېگىزگە ئۇچقىلى تۇرىدۇ، بىر ـ بىرىدىن كارامەت بولغان بۇ ئىشلار مال

بازىرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. كىشىلەر: «توختاخۇن جانبازغا رەھمەت، گۇچۇڭلۇق جانبازلارغا رەھمەت» دەپ توۋلىشىدۇ.

توختاخۇن چاچ كارامىتىدىن باشقا كارامەت كۆرسەتمەيدۇ.

توختاخۇن جانباز يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەيدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** ئۇرۇمچىدىكى قېرىنداشلار! ھازىر سىلەر كۆرۈپ تۇرغان ئۇچ شاگىرتىم ئۆز يۇرتلىرى خوتەن، كۇچا، پىچانغا قايتىدۇ، بۇلارغا خوش دەيلى.

ھەممىسى ئۇزاقتىچە «خوش... خوش... خوش...» دەپ ۋارقىرىشىدۇ. ئاندىن توختاخۇن جانباز يەنە: «قېرىنداشلار مەنمۇ گۇچۇڭغا قايتىمەن، سىلەرگە خوش» دەپ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. تاماشىبىنلارمۇ يۇقىرى ئاۋازدا: «خوش... خوش...» دېيىشىدۇ.

## 27

بۆرەك ئاغرىقىغا دۇچار بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان توختاخۇن جانباز رەپىقىسى مايسىخان بىلەن پاراڭلىشىدۇ.

**توختاخۇن جانباز:** بىرقانچە يىل بولدى، ئاغرىقچان بولۇپ قالدىم. بۆرەك ئاغرىقىنىڭ كاشىلىسى جىق ئىكەن، ئۇزاق ۋاقىت داۋالانغان بولساممۇ پايدىسى بولمىدى. ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن.

**مايسىخان:** نەچچە كۈن ئىلگىرى گاھ ھوشىڭىزدىن كېتىپ، گاھ ھوشىڭىزغا كېلىپ بىزنى تولىمۇ قورقۇتۇۋەتتىڭىز. بالىچاقىلار، ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇشلار سىزگە رازىلىق بەردى. سىزمۇ ئۇلارغا ۋەسىيەت قىلدىڭىز، لېكىن بەش كۈن بولدى، ئەھۋالىڭىز ياخشى. ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدىغان بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ.

**توختاخۇن جانباز:** ھازىر 1945 - يىلى 4 - ئاي، ئاتمىش ئۈچ ياشقا كىرىپتىمەن. بۇنى پەيغەمبەر يېشى دەيمىز. مەنمۇ بۇ داۋاندىن ئاشالمىغۇدەكمەن، بۇگۈن ياكى ئەتە كۆز يۇمىدىغان ئوخشايمەن.

**مايسىخان:** يۇرتىمىزدىكى ھەممىلا ئادەم سىزنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلماقتا. سىزمۇ

ھەمىشە «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەپ كەلگەن ئىدىڭىزغۇ؟

**توختاخۇن جانباز:** راست، مەن شۇنداق دېگەن. ئەمما ئۈمۈر دېگەننىڭ چېكى بار. مەن بۇ ئۆمرۈمدە جانبازلىق قىلدىم، شاگىرت تەربىيەلىدىم، دوستلۇق، دوستلۇق دەپلا ئۆتتۇم. شاگىرتلىرىممۇ شۇنداق قىلىدۇ.

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كۆكىرىپ كېتىدۇ، ئۇ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالىدۇ، لېكىن ئىككىنچى نەپەسكە كۈچى يەتمەيدۇ، توختاخۇن جانبازنىڭ نەپەسى توختايدۇ، كۆزى يۇمۇلىدۇ.

كىنو تۈگەيدۇ. ئېكران ئۆچىدۇ.

# ئاخىرقى سۆز

توختاخۇن جانباز ۋاپات بولغىلى ئاتمىش يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇ كىشى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر، ھېكايىلەر خەلقىمىز ئىچىدە ساقلانماقتا. ئۇنىڭ ياخشى پەزىلىتى مەدھىيەلەنمەكتە.

بۇ ئەسەرنى يېزىشتا گۇچۇڭ ۋە ئۈرۈمچىدىكى نەچچە ئونلىغان ئادەمدىن ئەھۋال ئىگىلەندى، پىكىر ئېلىندى، ئوخشاشمىغان پىكىرلەر سېلىشتۇرۇلدى. توختاخۇن جانبازنىڭ ھازىر توقسان ياشتىن ئاشقان ئەينى ۋاقىتتىكى شاگىرتلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئۈنئالغۇغا ئېلىندى، مۇناسىۋەتلىك رەسىملەر توپلاندى. توختاخۇن جانباز تونۇشتۇرۇلغان ۋە ئۇ ھەقتىكى ھېكايىلەر بېسىلغان گېزىت ـ ژۇرناللاردىن مەلۇماتلار يىغىۋېلىندى، بۇ جەرياندا كۆپلىگەن كىشىلەر خالىس ئىشلارنى قىلدى. ئابدۇسالام مۇھەممەت، ئابدۇسالام بەكرى، توختاخۇن جانبازنىڭ نەۋرىسى ئەرشىدىنلەر كۆپ ئەمگەك قىلدى، زېرىكمىدى.

مەن بىر تۈركۈم يولداشلارنىڭ پىكرى بىلەن قەلەم تەۋرەتتىم. مەنمۇ خېلى بۇرۇنلا «توختاخۇن جانباز توغرىسىدا بىرەر ئەسەر يېزىلسا» دېگەن ئۈمىدتە يۈرگەنىدىم ھەم «كىملا ئەسەر يازسا كېرەك بولۇپ

قالار» دەپ ماتېرىيالمۇ توپلىغان ئىدىم. توختاخۇن جانبازنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مەرھۇم شاھىدىن گۆھەردىن ئەپەندى ئاتىسىغا دائىر ماتېرىياللارنى ئىزدەپ قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەندە ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن ھەم بۇ ھەقتە سۆزلەشكەنىدىم. توختاخۇن جانباز تارىخىي شەخس بولغاچقا، بۇ زاتقا توغرا باھا بېرىش ئۈچۈن تەكشۈرۈش، تەييارلىق ھەر تەرەپلىمە بولدى. مەن مەزكۇر ئەسەرنى يېزىشقا ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتكەن ۋە مەدەت بەرگەن بارلىق كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن.

**2007 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى**



**图书在版编目（CIP）数据**

武师托合提：剧本：维吾尔文 / 阿布拉·伊明 著
-乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2011.2
ISBN 978-7-5371-9303-0

Ⅰ.①武… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①话剧－剧本－中国
－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①Ⅰ234

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2010）第 264788 号

责任编辑：热米拉·阿布拉
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

武师托合提（维吾尔文）

（剧本）

阿布拉·伊明 著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆新博文印刷有限公司印刷
880×1230毫米 32开本 3.5印张
2011年2月第1版 2011年2月第1次印刷
印数：1—5000

ISBN 978-7-5371-9303-0 定价：9.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جۇلانى

# تۇختاخۇن جانباز



ISBN 978-7-5371-9303-0

باھاسى: 9.00 يۈەن